# ئەيسا مەسىھ ئاتا قىلغان
# يېڭى ھايات

مۇندەرىجە


بىرىنچى دەرس......خۇدا كىم؟ ....................... 1
ئون پەرمان ........ بىرىنچى پەرمان ........ 11
ئىككىنچى دەرس..گۇناھ بۇ دۇنيادا قانداق پەيدا بولغان؟ . 15
ئون پەرمان ........ ئىككىنچى پەرمان ........ ........ 26
خۇدانىڭ سۆزلىرى ...................... ........ 28
ئۈچۈنچى دەرس .... ئادەملەرنىڭ مەسلىسى ۋە خۇدانىڭ
جاۋابى.................................... 32
ئون پەرمان ........ ئۈچىنچى پەرمان ............... 45
«مۇقەددەس كىتاب» نېمىنى ئۆگىتىدۇ؟............... 47
تۆتىنچى دەرس ھەزرىتى ئەيسا راستىنلا خۇدامۇ؟ ...........51
ئون پەرمان ........ تۆتىنچى پەرمان .............. 64
خۇدا بىزنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»قا قانداق مۇئامىلىدە
بولۇشىمىزنى خالايدۇ؟ ....................... 66
بەشىنچى دەرس ...ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمى .......... 71
ئون پەرمان .....بەشىنچى پەرمان..................... 83
«مۇقەددەس كىتاب»نى قانداق ئوقۇش كېرەك؟ ........... 86
ئالتىنچى دەرس...ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلىشى.......... 95
ئون پەرمان .....يەتتىنچى پەرمان ..................104
يەتتىنچى دەرس...مەن قانداق قىلسام قۇتقۇزۇلۇشقا
ئېرىشەلەيمەن؟(بىرىنچى قىسىم) ..................108
ئون پەرمان ..... توققۇزىنچى پەرمان ............... 120
سەككىزىنچى دەرس...مەن قانداق قىلسام قۇتقۇزۇلۇشقا
ئېرىشەلەيمەن؟(ئىككىنچى قىسىم) ............ 124
ئون پەرمان .... ئونىنچى پەرمان .................... 136
دىققەت: ئالدانماڭلار .............................. 137
توققۇزىنچى دەرس....مەن ئۆزۈمنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىمنى
قانداق بىلىمەن؟ ................................. 142
قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى ۋە مۇكاپات ...................158

ئونىنچى دەرس.....غەلىبە قازىنىشنىڭ يولى ............ 162
ئون بىرىنچى دەرس .... ھەزرىتى ئەيسانىڭ قايتا كېلىشى
181.............................................................
ئېتىقادچىلار ئۆلگەندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟ ...........191
ئون ئىككىنچى دەرس ...خۇدانىڭ سىزگە بىلدۈرمەكچى بولغان
تۆت ئىشى ............................................196
قانداق قىلغاندا خۇدانى خۇشال قىلغىلى بولىدۇ؟ .........207
سوئاللارنىڭ جاۋابى ................................ 216

# بىرىنچى دەرس

# خۇدا كىم؟



«خۇدانىڭ شانلىق نامىنى ئۇلۇغلاڭلار؛ مۇقەددەس، ھەيۋەتلىك رەبگە سەجدە قىلىڭلار». («زەبۇر» 29-باب 2-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

سىز مۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ باققانمۇ؟ يەنى،
خۇدا زادى بارمۇ-يوقمۇ؟
خۇدا زادى كىم؟
مەن خۇدا توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى قانداق قىلغاندا ئۆگىنەلەيمەن؟
بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. بىز بۇ دەرستىن بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تاپالايمىز.

## خۇدا زادى بارمۇ-يوقمۇ؟

بار، پەقەت بىرلا ھەقىقىي خۇدا بار. ئۇ مۇشۇ ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقان. ئۇ بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنى ياراتقان، ئۇ ھەم بىزنىمۇ ياراتقان. بىز قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن خۇدانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك ۋە ئۇنى تونۇشىمىز كېرەك.

بىز خۇداغا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەرنى قانداق ئۆگىنەلەيمىز؟
بىز «مۇقەددەس كىتاب»تىن خۇداغا ئائىت ھەقىقەتلەرنى ئۆگىنەلەيمىز. «مۇقەددەس كىتاب» تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدىن تەركىب تاپقان. «مۇقەددەس كىتاب»تىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ مۇقەددەس سۆزلىرىدۇر. سىز بەلكىم «مۇقەددەس كىتاب»نى كىم يازغان ۋە بۇ كىتاب نەدىن كەلگەن دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن.

«مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ھەقىقىي ئاپتورى خۇدا بولۇپ، خۇدا كۆپلىگەن ئوخشىمىغان ئادەملەرگە ۋەھىي چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى يازدۇرۇش ئارقىلىق «مۇقەددەس كىتاب»نى بارلىققا كەلتۈرگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ مۇقەددەس سۆزلىرىدۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «. .پەيغەمبەرلەر خۇدانىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەندە، مۇقەددەس روھنىڭ تەسىرلەندۈرۈشىدىن بارلىققا كەلگەن». (ئىنجىل:«پېترۇس يازغان 2ـ خەت» 1ـباب 21ـئايەت)

خۇدا بىزگە ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئاجايىپ كىتابنى بىزگە ئاتا قىلدى. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە خۇدا توغرۇلۇق، ئۆزىمىز توغرۇلۇق ۋە قانداق قىلغاندا خۇدا بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتقىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ.

## خۇدا زادى كىم؟

خۇدا ناھايىتى ئۇلۇغ، ناھايىتى سىرلىق بولغاچقا، بىز ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيمىز. ئەمما خۇدا بىزگە «مۇقەددەس كىتاب»نى ئاتا قىلدى، بىز بۇ كىتاب ئارقىلىق خۇداغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىلەلەيمىز.

«مۇقەددەس كىتاب»تىن بىز بۇ دۇنيادا پەقەت بىرلا ھەقىقىي ۋە ھايات خۇدانىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ ھەقىقىي خۇدانى تونۇمايدۇ. بەزى كىشىلەر ياغاچتىن، تاشتىن ياكى باشقا نەرسىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ خۇداسىنى ياساپ چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ خۇداسى يا ئاڭلىيالمايدۇ، يا كۆرەلمەيدۇ ھەم ئۇلارغا ھېچقايسى جەھەتتىن ياردەم بېرەلمەيدۇ. بىز چوقۇم كۆرەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان ھەم بىزگە ياردەم بېرەلەيدىغان ھەقىقىي خۇدانى تونۇشىمىز كېرەك.

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە خۇداغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ. تۆۋەندە بىز بەزى ھەقىقەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### • خۇدا روھتۇر

سىز بەلكىم بىز نېمە ئۈچۈن خۇدانى كۆرەلمەيمىز، دەپ ئويلايدىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىزنىڭ خۇدانى كۆرەلمەسلىكىمىزدىكى سەۋەب خۇدانىڭ روھ بولغانلىقىدىندۇر، بىز روھنى كۆرەلمەيمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇدا روھتۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغۇچىلار قەلب روھى بىلەن ۋە خۇدانىڭ ھەقىقىتى بويىچە ئىبادەت قىلىشى كېرەك!» (ئىنجىل:«يۇھاننا» 4-باب 24-ئايەت)

سىزدە باشقىلار كۆرەلەيدىغان بەدەن بار، سىزدە يەنە باشقىلار كۆرەلمەيدىغان روھمۇ بار. باشقىلار سىزنىڭ بەدىنىڭىزنى كۆرەلەيدۇ، لېكىن ھېچقانداق ئادەم سىزنىڭ روھىڭىزنى كۆرەلمەيدۇ.

خۇدا پۈتۈنلەي روھتۇر. خۇدانىڭ گەرچە بىز كۆرەلەيدىغان بەدىنى بولمىسىمۇ، لېكىن خۇدا ھايات بولغاچقا، ئۇ ھەر مىنۇت ھەر سېكۇنت بىزنى كۆرۈپ، قىلغان گەپلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

## • خۇدا مۇقەددەستۇر

خۇدا پاكتۇر. بۇنىڭ مەنىسى خۇدا پۈتۈنلەي شان-شەرەپكە ۋە ھۆرمەتكە لايىقتۇر دېگەنلىك. خۇدا ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان. «مۇقەددەس كىتاب»تا قاراڭغۇلۇق گۇناھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا خۇدا تىلغا ئېلىنغاندا مۇنداق دەيدۇ:

«خۇدا يورۇقلۇقتۇر، ئۇنىڭدا پەقەت قاراڭغۇلۇق بولمايدۇ(گۇناھ يوق)» («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 1-باب 5-ئايەت)

خۇدا پۈتۈن شان-شەرەپنىڭ ئىگىسىدۇر. بۇ ئۇنىڭ پۈتۈنلەي پاكلىقىنى ۋە نۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھېچقانداق ئادەم خۇدانىڭ نۇرى ئالدىدا يۈزمۇ-يۈز تۇرالمايدۇ. قۇياش ئۆز نۇرىنى چاچقان ۋاقىتتا، بىز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايمىز، چۈنكى قۇياش نۇرى كۆزگە زىيانلىق. خۇدانىڭ نۇرى قۇياش نۇرىدىنمۇ پارلاق بولغاچقا، ھېچقانداق ئادەم خۇدانى كۆرەلمەيدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«خۇدانى ھېچكىم كۆرۈپ باققان ئەمەس». («يۇھاننا» 1-باب 18-ئايەت)

خۇدا پەۋقۇلاددە ئالامەتلەر بىلەن يەشايا پەيغەمبەرگە گەپ قىلغان. بۇ ئالامەتلەر خۇددى چۈش كۆرگەندەك بولىدۇ. يەشايا پەيغەمبەر خۇدانىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى ۋە نۇرغۇن پەرىشتىلەرنىڭ خۇدانى چۆرىدەپ تۇرغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ خۇدانى مەدھىيىلەپ:

«شان-شەرەپلەر خۇداغا مەنسۇپ بولسۇن، شان-شەرەپلەر خۇداغا مەنسۇپ بولسۇن. پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان خۇدانىڭ شان-شەرىپى پۈتكۈل يەر يۈزىنى

قاپلىسۇن» دەۋاتقانلىقىنى كۆردى. (كونا ئەھدە: «يەشايا»
6ـباب 3ـئايەت)

يەشايا بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەندە ئىنتايىن قورقۇپ كېتىدۇ، چۈنكى، ئۇ خۇدانىڭ مۇقەددەسلىكىنى كۆرگەندى. يەشايا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس خۇدانىڭ ئالدىدا نەقەدەر گۇناھقا تولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ خۇدانىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ:
«...مەندە بالايىئاپەت بار، مەن ئۆلىدىغان بولدۇم...»دەپ
زارلاندى. (كونا ئەھدە: «يەشايا» 6ـباب 5ـئايەت)




«...مەندە بالايىئاپەت بار، مەن ئۆلىدىغان بولدۇم...»

ھېچقانداق ئادەمنىڭ خۇدانى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، چۈنكى، بىز خۇدانىڭ نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز. لېكىن، خۇدانىڭ مۇقەددەسلىكى پەقەت ئۇنىڭ پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدىغانلىقىدىلا ئەمەس. خۇدا يەنە پۈتۈنلەي پاكتۇر. خۇدا مۇكەممەلدۇر. خۇدادا قىلچىلىكمۇ گۇناھ ياكى ناپاكلىق يوقتۇر. چۈنكى، خۇدا مۇقەددەس بولغاچقا، ئۇ گۇناھنى ئۆچ كۆرىدۇ. ھېچقانداق گۇناھ خۇداغا يېقىنلىشالمايدۇ. ھەرقانداق گۇناھ ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكى تەرىپىدىن يىتچىت بولىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ شۇنچىلىك گۇناھكار، خۇدانىڭ شۇنچىلىك پاكلىقىنى ئويلىغان چېغىمىزدا، بىز ئۆزىمىزنى مەڭگۈ خۇدانىڭ ئالدىغا بېرىشقا مۇناسىپ ئەمەس، دەپ ھېس قىلىمىز. ئەمما خۇدا بىزنى ناھايىتى سۆيگەچكە بىزگە ئۆز يېنىغا بارالايدىغان بىر يول ھازىرلاپ بەردى.

## ● خۇدا ھەممە جايدا باردۇر

خۇدا پۈتكۈل ئالەمدە مەۋجۇت. ئۇ ئىنتايىن ئۇلۇغدۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا خۇدا ئۆزى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«. . . ئەجەبا مەن پۈتكۈل ئالەمنى تولدۇرغان خۇدا
ئەمەسمۇ» (كونا ئەھدە: «يەرەمىيا» 23ـباب 24ـئايەت)

مەیلی بىز قەیەرگە بارمایلی یاکی قەیەردە بولمایلی، خۇدا شۇ یەردە بار. سىز ۋە مەن تەنىنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، تېنىمىز قەیەردە بولسا، بىز شۇ یەردە بولىمىز. ئەمما خۇدا روھ بولغاچقا، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ھەممە جایدا مەۋجۇت بولالایدۇ. ئۇ ماکان ۋە زامانىڭ چەکلىمىسىگە ئۇچرىمایدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ خۇدا ھەربىر نەرسىدە مەۋجۇت یاکی ھەربىر نەرسىنىڭ ھەممىسی خۇدا بولىدۇ، دېگەن مەنىنی بەرمەیدۇ. بۇنداق دېگەنلىك خۇدا ئۆزی یاراتقان ئالەمدە مەۋجۇت، دېگەنلىکتۇر. بىز قاراڭغۇ ئۆیدە یالغۇز تۇرۇشتىن قورققان بالىغا: «سەن قورقمىغىن، خۇدا مۇشۇ یەردە ساڭا ھەمرا بولىدۇ» دەپ ئېیتساق بولىدۇ.

## • خۇدانىڭ بىلمەیدىغىنی یوقتۇر

خۇدا ھەممىنی بىلىدۇ، ئۇ ئاللىقاچان یۈز بېرىپ بولغان ئىشلارنی ۋە کەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنی بىلىدۇ.

خۇدا بىز بىلمەیدىغان ئىشلارنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ ئاسماندا قانچە یۇلتۇز بارلىقىنی بىلىدۇ، ھەتتا یۇلتۇزلارنىڭ ئىسمىنىمۇ بىربىرلەپ ئېیتىپ بېرەلەیدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئىسمىمىزنىمۇ بىلىدۇ. خۇدانىڭ بىزنی چۈشىنىشی ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزنی چۈشىنىشىمىزدىنمۇ چوڭقۇر بولۇپ، خۇدا ھەتتا بېشىمىزدا قانچە تال چاچ بارلىقىنىمۇ بىلىدۇ.ئادەملەر دائىم گۇناھ ئۆتکۈزۈپ تۇرىدۇ ۋە قىلغان ئىشلىرىمىزنی ھېچکىم بىلمەیدۇ، دەپ ئویلایدۇ. ئەمما خۇدا ھەرمىنۇت ھەر سېکۇنت بىزنی کۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنی ۋە قىلغان سۆزلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنی بىلىدۇ. ئۇ ھەتتا بىزنىڭ نېمىلەرنی ئویلاۋاتقانلىقىمىزنىمۇ بىلىدۇ. خۇدا بارلىق مەخپىي ئىشلارنی بىلىدۇ. ئادەملەر خۇدادىن ھېچقانداق ئىشنی یوشۇرالمایدۇ. «مۇقەددەس کىتاب»تا مۇنداق دېیىلگەن:

> «خۇدانىڭ ئالدىدا یوشۇرۇن تۇرىدىغان ھېچقانداق مەخلۇق یوقتۇر، ئۇنىڭ کۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ھەممە نەرسە ئوچۇق ۋە ئاشکارىدۇر. ھەممىمىز ئۇنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىمىز».
> (ئىنجىل: «ئىبرانىیلارغا یېزىلغان خەت» 4-باب 13-ئایەت)

خۇدا ھەممىنی بىلگەچکە، ئۇ ئەزەلدىن گۇناھ سادىر قىلمایدۇ. خۇدانىڭ ھەممە نەرسىنی بىلىشی ناھایىتی تەلتۆکۈستۇر. «مۇقەددەس کىتاب»تا مۇنداق دېیىلگەن:

> «خۇداغا نىسبەتەن ئۇنىڭ یوللىری کەم-کۈتىسىزدۇر»
> («زەبۇر» 18-باب 30- ئایەت)

## ● خۇدا ھەممىگە قادىردۇر

خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى چەكسىزدۇر. ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. ھەممىگە قادىر دېگەنلىك كۈچ-قۇدرىتى زور دېگەنلىكتۇر. ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى خۇداغا مەنسۇپتۇر. خۇدا قىلىمەن دېگەن ئىشنى چوقۇم قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «بىزنىڭ خۇدايىمىز ئاسماندا بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ». («زەبۇر» 115-باب 3-ئايەت)

بارلىق مەۋجۇدات خۇدانىڭ ئىلكىدە. ئۇ دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلارنى، ئەمەلدارلارنى يەر-زېمىننى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق ئادەممۇ خۇدانىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسىلەردۇر. ئەرشتىكى قوشۇن ۋە يەردىكى ئىنسانلار ئىچىدە پەقەت خۇدالا ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلالايدۇ. ھېچكىممۇ ئۇنى توسۇپ سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، دەپ سورىيالمايدۇ». (كونا ئەھدە: «دانىيال» 4-باب 35-ئايەت)




## ● خۇدا ئادىلدۇر

خۇدا ئادىلدۇر. بۇنداق دېگەنلىك خۇدانىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مەڭگۈ توغرا دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئالەمنىڭ ئەڭ چوڭ سوتچىسىدۇر. شۇنداق بىر كۈن كېلىدىكى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراققا تارتىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«. . . ئۇ بۇ دۇنيانى ئادىللىق بىلەن سوراق قىلىدۇ. . . »
(«زەبۇر» 96-باب 13-ئايەت)

خۇدا ئادىل بولغاچقا، ئۇ چوقۇم گۇناھ ۋە يامان قىلمىشلارنى سوراققا تارتىدۇ. ئۇ گۇناھقا سەل قارىمايدۇ ھەم يالغاندىن بىلمەسكىمۇ سېلىۋالمايدۇ. ئۇ ئادىل بولمىغان ئىشلارنى مەڭگۈ قىلمايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇدا ئۆزى قىلغان ئىشلاردا قىلچىمۇ ئادالەتسىزلىك قىلمايدۇ، ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مېھىر-مۇھەببەتتىن كېلىپ چىقىدۇ». («زەبۇر» 145-باب 17-ئايەت)

## • خۇدا ئىشەنچلىكتۇر

خۇدا ئىشەنچلىكتۇر، بۇ، خۇدانىڭ مەڭگۈ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دېگىنىنى قىلىدۇ.

سىز بۇرۇن ۋەدە بېرىپ باققانمۇ؟ سىز ھەرقېتىم قىلغان ۋەدىڭىزدە تۇرالامسىز؟ مەن ھەممىمىزنىڭ ھەر قېتىم قىلغان ۋەدىمىزگە تولۇق ئەمەل قىلالمايدىغانلىقىمىزغا ئىقرار ئىكەنلىكىمىزگە ئىشىنىمەن. بەزىدە بىز بەرگەن ۋەدىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز ياكى ئۇنى تولۇق ئورۇنداشقا ئامالسىز قالىمىز. لېكىن، خۇدا ئۆزىنىڭ بەرگەن ۋەدىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدە مەڭگۈ تۇرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«...بىزگە ۋەدە بەرگۈچى ئىشەنچلىكتۇر» (ئىنجىل «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب 23-ئايەت)

خۇدا ئىشەنچلىك بولغاچقا بىز ئۇنىڭغا ئىشىنەلەيمىز. بىز ئۇنىڭ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىمىز. مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«...سېنىڭ نامىڭنى تونۇيدىغان ئادەملەر ساڭا تايىنىدۇ»
(«زەبۇر» 9-باب 10-ئايەت)

## • خۇدا رەھىمدىلدۇر

خۇدا ئادىل بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئىنتايىن رەھىمدىلدۇر. بۇنىڭ مەنىسى خۇدا بارلىق ئىنسانلارغا نىسبەتەن مېھرىبان دېگەنلىكتۇر. خۇدا ئۆزى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«خۇدا بولسا رەھىمدىل ۋە سىخىدۇر. ئۇ ئاسان ئاچچىقلان-
-مايدۇ، ئۇنىڭدا مول مېھرىبانلىق بىلەن سەممىيلىك بار.
ئۇ تۈمەنلىگەن ئىنسانلارغا مېھىر- مۇھەببەت بېرىدۇ،
ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ۋە يامانلىقلىرىنى
كەچۈرۈم قىلىدۇ». (تەۋرات: «مىسىردىن چىقىش كىتابى»
34-باب 6-، 7-ئايەت)

## • خۇدا ئاق كۆڭۈلدۇر

«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:
«خۇدا بارلىق ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئاق كۆڭۈلدۇر»

خۇدانىڭ بارلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن تولۇق ئىلتىپاتى ۋە مول مېھىر-مۇھەببىتى بار، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگىمۇ شۇنداق. «مۇقەددەس كىتاب»تا ئېيتىلغىنىدەك ئۇ قوياشنى ياخشى ئادەملەرگىمۇ، يامان ئادەملەرگىمۇ ئوخشاشلا يورۇقلۇق چۈشۈرگۈزىدۇ. ئۇ يامغۇرنى ئوخشاشلا ياخشى ئادەمگىمۇ، يامان ئادەمگىمۇ ئىلتىپات قىلىپ بېرىدۇ. گەرچە خۇدا بارلىق ئادەملەرنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى سۆيگەن ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملەردىن ئالاھىدە خۇشال بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«سەندىن ئەيمەنگەن، ساڭا تايانغان كىشىلەرگە سەن ئۇلار
ئۈچۈن بەخت-سائادەت ھازىرلىدىڭ؛ سېنىڭ بۇ دۇنيا
كىشىلىرىنىڭ ئالدىدا كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتىڭ نە
قەدەر زور-ھە!» («زەبۇر» 31-باب 19-ئايەت)

## • خۇدا مېھىر-مۇھەببەتلىكتۇر

«مۇقەددەس كىتاب»تا «خۇدا مېھىر-مۇھەببەتلىكتۇر» دېيىلگەن. بۇنىڭ مەنىسى خۇدا بىزنى سۆيىدۇ ھەم بىزگە ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئۇ گەرچە ئالەمدىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇقدار، بارلىق ھوقۇق ۋە شان-شەرەپ ئىگىسى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ بىزنى سۆيىدۇ ھەم بىزگە دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىمىزنى ھەم ئۇنىڭ ياخشى دوستلىرىدىن بولۇشىمىزنى خالايدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بىز گۇناھكار بولغاچقا، خۇدا بىزدىن نەپرەتلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. توغرا، خۇدا ھەقىقەتەنمۇ گۇناھ ۋە يامانلىقلارنى ئۆچ كۆرىدۇ. ئەمما ئۇ بىزنى ئۆچ كۆرمەيدۇ. خۇدا ئادىل بولغاچقا ئۇ چوقۇم گۇناھنى جازالايدۇ. شۇنداقتىمۇ خۇدا مېھىر-مۇھەببەتلىك بولغاچقا ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ

كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن بىزگە بىر يول ھازىرلاپ بەردى. خۇدا بىزنى شۇنچىلىك سۆيدىكى، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ يېگانە ئوغلى رەب ئەيسانى بۇ دۇنياغا ئەۋەتىپ، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ بەدىلىگە قۇربانلىق قىلدى.



(خۇدا رەب ئەيسانى بۇ دۇنياغا ئەۋەتىپ، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ بەدىلىگە قۇربانلىق قىلدى)

«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدىكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىغا[1] ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ، ئۇنى قۇربان بولۇشقا ئەۋەتىپ بەردى». («يۇھاننا» 3ـباب 16ـئايەت)

بۇ ئايەت بىزگە شۇنى بىلدۈرىدىكى، خۇدانىڭ ئالدىدا بىز ئىنتايىن قىممەتلىكمىز. خۇدانىڭ ئۇلۇغ يېرى شۇكى ئۇ ھەربىرىمىزنى تونۇيدۇ. ئۇ يەنە ھەربىرىمىزنى ئالاھىدە سۆيىدۇ. سىز خۇدانىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن مۇھىم. خۇدا سىزنى سۆيىدۇ، ئۇ ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئوغلى ـ رەب ئەيسانى سىزنىڭ گۇناھىڭىز ئۈچۈن كرېستتا قۇربان قىلدى.

## ● خۇدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەستۇر

خۇدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەستۇر. بۇنىڭ مەنىسى خۇدا ئەزەلدىن، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ماھىيىتى مەڭگۈ ئوخشاش بولىدۇ. خۇدا مەڭگۈ مۇقەددەس، ئۇ مەڭگۈ ئادىل، ئۇ مەڭگۈ ھەققانىي، ئۇ مەڭگۈ رەھىمدىل، ئۇ مەڭگۈ ئىشەنچلىك، ئۇ مەڭگۈ ئاق كۆڭۈل، ئۇ مەڭگۈ مېھىر-مۇھەببەتلىكتۇر. خۇدا

1 خۇدانىڭ ئوغلى ــ بۇ جىسمانىي جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ روھىي جەھەتتىكى نامىدۇر.

بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئوخشاش. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزگىرىپ باقمىغان. خۇدا ئۆزى توغرۇلۇق توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ:

«خۇدايىڭلار بولغان مەن ئۆزگەرمەستۇرمەن...» (كونا ئەھدە:«مالاكى» 3ـباب 6ـئايەت)

بىز خۇدانىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە بىزنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى ئويلايمىز. لېكىن، بىز خۇداغا ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىبادەت قىلساق بولمايدۇ. خۇدا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدە بىزگە قانداق ئىبادەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ يەنى بىز «چىن دىلىمىز ۋە سەممىيەتلىكىمىز بىلەن» خۇداغا ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك.

---

## بايقالغان ھەقىقەت

**خۇدا گەرچە ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ بىزنى تونۇيدۇ ھەم ھەربىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ.**

---

## پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

خۇدا زادى كىم؟

زەبۇرنىڭ كۆپ قىسمى خۇدانى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىلاردۇر. زەبۇرنى ئوقۇپ خۇدانى مەدھىيىلەشنى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

«زەبۇر»نىڭ 21ـ، 46ـ، 91ـ، 98ـ، 103ـ ۋە 150ـبابلىرىنى ئوقۇڭ.




# ئون پەرمان

خۇدا ئۆز سۆزلىرى ئىچىدە بەزى پەرمانلارنى چۈشۈرۈپ بىزگە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋە قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى كۆرسەتكەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە چۈشۈرگەن ئون پەرمانى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، خۇدا ئىبراھىم ئىسىملىك بىر كىشىنى ئۆزىگە خىزمەت قىلىشقا تاللىغان. خۇدا ئىبراھىمنى ئۆز دۆلىتى ۋە قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ يىراققا سەپەر قىلىشنى بۇيرىدى. خۇدا ئىبراھىمغا چوڭ بىر دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن. ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى يەنى ئىسرائىلىيەلىكلەر خۇدانىڭ تاللىغان خەلقى ئىدى.

مۇسا ئىسىملىك بىر كىشى خۇدانىڭ خەلقىنىڭ باشلامچىسى بولدى. بىر كۈنى خۇدا مۇساغا سىنا تېغىغا چىقىشنى بۇيرىدى. شۇ يەردە خۇدا مۇساغا گەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئون پەرمان يېزىلغان ئىككى تاش تاختاينى بەردى.

بىز خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە چۈشۈرگەن بۇ ئون پەرماننى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بۇ پەرمانلار ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، بۇ پەرمانلار خۇدانىڭ نەزىرىدە قايسى ئىشلارنىڭ توغرا ۋە قايسى ئىشلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھازىر بىز بىرىنچى پەرماننى ئۆگىنىمىز.

## 1-پەرمان

«سىلەرنىڭ مېنىڭدىن باشقا خۇدايىڭلار بولمىسۇن»

(تەۋرات: «مىسىردىن چىقىش» 20-باب 3-ئايەت)

پەقەت بىرلا ھەم راست ھەم ھەقىقىي خۇدا بار. ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ يەنە باشقا ئىلاھىمىز بولماسلىقى كېرەك. بىزنىڭ خۇدانى سۆيۈشىمىز ھەرقانداق ئادەمنى سۆيۈشىمىزدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. بىز خۇدانى پۇل،

تىجارەت، ئويۇن-تاماشا ياكى ھەرقانداق ھوزۇر-ھالاۋەتتىن ئارتۇق سۆيۈشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا خۇدا ئىككىنچى ئورۇندا قەتئىي تۇرماسلىقى كېرەك. بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقان، بىزنى ياراتقان خۇدادۇر. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. ھەربىرىمىز چوقۇم ئۆز-ئۆزىمىزدىن: «خۇدا مېنىڭ ھاياتىمدا بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىدىمۇ- يوق؟ مەن مەلۇم ئادەم ياكى مەلۇم نەرسىنى خۇدادىن ئارتۇق ياخشى كۆردۇممۇ-يوق؟ مەن مەلۇم ئادەم ياكى مەلۇم نەرسىنى خۇدانىڭ ئالدىغا قويدۇممۇ-يوق؟»، دەپ سورىشىمىز كېرەك. چۈنكى، خۇدا: «سىلەرنىڭ مېنىڭدىن باشقا خۇدايىڭلار بولمىسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرگەن.

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

مەسىلەن:
خۇدا توغرىسىدا ئۆگىنىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بولسا (3)
(1) باشقىلاردىن ئۇلارنىڭ خۇداغا بولغان كۆز-قارىشىنى سوراش.
(2) دۇنيادىكى ھەر قايسى دىنلارنى تەتقىق قىلىش.
(3) «مۇقەددەس كىتاب» دەپ ئاتالغان تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىلنى كۆرۈش.

1. بىزنىڭ خۇدانى كۆرەلمەسلىكىمىزدىكى سەۋەب بولسا ( )
(1) ئۇ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس.
(2) ئۇ بىزدىن بەك يىراقتا.
(3) خۇدا بولسا روھ، شۇڭا بىز روھنى كۆرەلمەيمىز.

2. خۇدا مۇقەددەستۇر. بۇ ھەقىقەت شۇنى ئىپادىلەيدىكى ( )
(1) ئۇ بىزدىن كۆپ ياخشى.
(2) بارلىق گۇناھ ياكى يامانلىقلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايدۇ.
(3) بىز ئۇنىڭدىن قورقمىساقمۇ بولىدۇ.

3. خۇدا ھەممە جايدا مەۋجۇت. بۇ ھەقىقەت شۇنى ئىپادىلەيدىكى ( )
(1) خۇدا ھەربىر نەرسىدە مەۋجۇت.
(2) ھەربىر نەرسىنىڭ ئۆزى خۇدا.
(3) خۇدا ئۆزى ياراتقان ئالەمدە مەۋجۇت.

4. خۇدانى ھەممىنى بىلىدۇ دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ( )
(1) ئۇ بۇرۇن بولغان، ھازىر بولىۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ھەممە ئىشلارنى بىلىدۇ.
(2) ئۇ بۇرۇن بولغان ئىشلارنى بىلىدۇ، ئەمما كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى بىلمەيدۇ.
(3) بەزى مەخپىيەتلىكتىن باشقا ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ.

5. خۇدانى ئادىل دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ( )
(1) ئۇ بىزنىڭ نۇقسانسىز بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلمايدۇ.

(2) ئۇ بىزنىڭ بەزى گۇناھلىرىمىزغا سەل قارايدۇ.
(3) ئۇ بارلىق گۇناھ ۋە يامانلىقلارنى چوقۇم جازالايدۇ.

6. خۇدانىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى بولسا (  )
(1) ئۇ دېگىنىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.
(2) ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىلىرىنى ناھايىتى ئاز ئۇنتۇپ قالىدۇ.
(3) ئۇ بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئەمەل قىلىدۇ.

7. خۇدانى مېھىر-مۇھەببەت دېيىشىمىزدىكى سەۋەب (  )
(1) ئۇ گۇناھلارنى جازالىمايدۇ.
(2) ئۇ ئۆزىنىڭ يېگانە ئوغلىنى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلۈشكە ئەۋەتتى.
(3) ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى بىلمەسكە سېلىۋالىدۇ.

8. خۇدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ ھەقىقەت شۇنى ئىپادىلەيدىكى (  )
(1) ئۇنىڭ ماھىيىتى مەڭگۈ ئوخشاش.
(2) ئۇ بىزگە ئوخشاش ئۆزگۈرۈشچان ئەمەس.
(3) ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزگەرمەيدۇ.

9. ئون پەرمان (  )
(1) ھازىرقى كۈندە بىزگە ئانچە مۇھىم ئەمەس.
(2) ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى بۇ بىزگە خۇدانىڭ ئالدىدا نېمىنىڭ توغرا ۋە نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.
(3) بۇنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، چۈنكى خۇدا بۇنى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى چۈشۈرگەن.

10. بىرىنچى پەرمان بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى (  )
(1) خۇدا ئائىلىمىزنىڭ كەينىدە تۇرىشى كېرەك.
(2) خۇدا بىزنىڭ تىجارەتنى چوقۇم بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىدۇ.
(3) بىز خۇدانى ھەرقانداق ئادەم ياكى ھەرقانداق نەرسىدىن ئارتۇق سۆيىشىمىز لازىم.

-سىز بۇ دەرستە ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت قايسى؟

# ئىككىنچى دەرس

## گۇناھ بۇ دۇنيادا قانداق پەيدا بولغان؟



«گۇناھ بىر ئادەم ئارقىلىق، يەنى ئادەمئاتىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشى بىلەن پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈممۇ گۇناھ ئارقىلىق پەيدا بولدى. نەتىجىدە، ھەممە ئادەم گۇناھ سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم پۈتكۈل ئىنسان ئىچىگە تارقالدى». (ئىنجىل: «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب 12-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

سىز يەر شارىنىڭ، قۇياشنىڭ، ئاينىڭ ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئويلاپ باققانمىدىڭىز؟ بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى خۇدا ياراتقان. بۇ نەرسىلەر ھەرگىزمۇ ئۆزلىكىدىن پەيدا بولغان ئەمەس. «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ بىرىنچى ئايىتىدە مۇنداق يېزىلغان:

«دەسلەپتە خۇدا ئاسمان-زېمىننى ياراتتى». (تەۋرات: «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1-باب 1-ئايەت )

بۇ ئايەت بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدىكى خۇدا ئەڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچى بولۇپ، ئۇ ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتتى. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە بۇ ئىشلارنىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتمايدۇ، بىراق بىزگە خۇدانىڭ ئاسمان ۋە زېمىننى قانداق ياراتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. خۇدا ئاسمان ۋە زېمىننى ئېغىزىدىن چىققان سۆزى بىلەن ياراتقان. «مۇقەددەس كىتاب» مۇنداق دەيدۇ:

«ئاسمان خۇدانىڭ بۇيرۇقى بويىچە يارىتىلغان، بارلىق پىلانېتلار ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى يەلدىن پەيدا بولغان...چۈنكى ئۇ بار بولسۇن دېسە بار بولغان، بۇيرۇق بەرسە ئورۇندالغان». (كونا ئەھدە «زەبۇر» 33-باب 6-، 9-ئايەت )

خۇدانىڭ گېپى بىلەن قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار ۋە يەر شارى مانا مۇشۇنداق شەكىللەندى. خۇدا بارلىق مەۋجۇداتلارنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ زور قۇدرىتى بىلەن بۇلارنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» خۇدانى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«... ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممىگە قادىر بۇيرۇقى بىلەن بارلىق نەرسىلەرنى تۇتۇپ تۇرىدۇ». («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 1-باب 3- ئايەت)

بىز بۇ ئىشلارنى قانداق بىلەلەيمىز؟ بۇ ئىشلارنى بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىگە تايىنىش ئارقىلىق بىلەلەيمىز. خۇدانىڭ سۆزلىرى بولغان «مۇقەددەس كىتاب»تا خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«مەن زېمىننى ياراتتىم، ھەم ئىنسانلارنى زېمىنغا ئورۇنلاشتۇردۇم. مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئاسماننى بەرپا قىلدىم، ئاسماندىكى بارلىق جىسىملارنى مەن جايلاشتۇردۇم». (كونا ئەھدە : «يەشايا» 45-باب 12-ئايەت)



«دەسلەپتە خۇدا ئاسمان-زېمىننى ياراتتى». (تەۋرات: «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1-باب 1- ئايەت)

خۇدا بارلىق نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولغاچقا، ئۇ مەدھىيەلەرگە، شان-شەرەپكە ۋە سەجدە قىلىشقا لايىقتۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«بىزنىڭ رەببىمىز، بىزنىڭ خۇدايىمىز، سەن مەدھىيەگە، ھۆرمەتكە ۋە ھوقۇققا لايىقسەن. چۈنكى، سەن بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتتىڭ، بارلىق مەۋجۇداتلار سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە يارىتىلدى ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ». (ئىنجىل: «ۋەھىي» 4-باب 11-ئايەت )

## خۇدانىڭ پەرىشتىلەرنى يارىتىشى

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ خۇدا تەرىپىدىن

يارىتىلغانلىقىنى ئىپتىپ بېرىدۇ. «پەرىشتە» دېگەن سۆزنىڭ «خەۋەر تارقاتقۇچى» دېگەن مەنىسى بار. پەرىشتىلەر بولسا روھ بولۇپ، ئۇلار خۇدانىڭ خەۋەرلىرىنى تارقىتىشقا ياكى خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا يارىتىلغان. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەي قۇدرەتلىك پەرىشتىلەر، خۇدانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پەرىشتىلەر، ھەممىڭلار رەببىنى ئۇلۇغلاڭلار!» (كونا ئەھدە: «زەبۇر» 103ـباب 20ـئايەت)

گەرچە پەرىشتىلەر كۈچ ـقۇدرەتكە ئىگە بولغان ناھايىتى چىرايلىق مەۋجۇدات بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا چوقۇنۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار يارالغۇچىلاردۇر. پەقەت خۇدالا بىزنىڭ ياراتقۇچىمىزلا ئىبادەت قىلىشقا لايىقتۇر.

## خۇدانىڭ ئاجايىپ ئىجادىيىتى

خۇدانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ ئادەم. نېمە ئۈچۈن ئادەمنى خۇدانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى دەيمىز؟ چۈنكى ئادەم «خۇدانىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن» يارىتىلغان. خۇدا ئادەمنى يارىتىدىغان ۋاقىتتا مۇنداق دەيدۇ:

«. ..بىز ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ئۆز قىياپىتىمىز بويىچە ئادەم ياراتايلى». (تەۋرات: «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1ـباب 26ـئايەت)

خۇدا ئۆزىنىڭ شان ـشەرىپى ئۈچۈن ئادەمنى ياراتقان. خۇدا ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ۋە قىياپىتىنى بەردى. «مۇقەددەس كىتاب»تا ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ خۇدانىڭ ئوبرازى بويىچە يارىتىلمىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

«خۇدا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ئادەمنى ياراتتى، يەنى ئۆزىنىڭ قىياپىتىگە ئاساسەن ئادەمنى ئەر ۋە ئايال قىلىپ ياراتتى». (تەۋرات: «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1ـباب 27ـئايەت)

خۇدا زېمىندىكى تۇپراقتىن تۇنجى ئادەمنى ياسىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئادەم ئىدى. خۇدا ئادەمگە يەنە ھاۋۋا ئىسىملىك چىرايلىق بىر ئايالنى ياساپ بەردى.



(خۇدا تۇنجى ئادەمنى ياسىدى)

ئادەم ھەرگىزمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋاندىن تەرەققىي قىلغان ئەمەس. ئادەمنى خۇدا ياراتقان! خۇدا ئادەم بىلەن ھايۋاننى پەرقلىق ياراتتى. ئادەمدە روھ بولىدۇ.

ئۇنداقتا روھ دېگەن نېمە؟ روھ دېگىنىمىز خۇدانى تونۇيالايدىغان ۋە خۇدانىڭ ھاياتىنى قوبۇل قىلالايدىغان قىسىمدۇر. خۇدا ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى تونۇشنى، ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇدا ئادەملەرنى ئۆزى ئۈلارنىڭ ئىچىدە تۇرالايدىغان قىلىپ ياراتتى. خۇدا بولسا روھ، ئادەملەردىمۇ روھ بولغاچقا، خۇدانىڭ روھى ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تۇرالايدۇ.




(خۇدانىڭ روھى ئادەملەرنىڭ قەلبىدە تۇرالايدۇ)

## ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا، ئادەمنىڭ قىممىتى بار ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىگە چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغان. ئادەملەر مەنىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە موھتاج. ئادەملەر يەنە ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشىغا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر بۇ نەرسىلەر كەم بولىدىغان بولسا، ئادەم ئۆز قىممىتىنى يوقاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، ھاياتمۇ مەنىسىزدەك تۇيۇلىدۇ.

بۇ تەلەپلەر قانداق قىلغاندا قاندۇرۇلىدۇ؟ خۇدانىڭ ئۆزى بۇ تەلەپلەرنى

قاندۇرالايدۇ. ئادەم دەسلەپتە يارىتىلغاندا ياراتقۇچى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئادەم ياراتقۇچى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ئېھتىياجلار قاندۇرۇلاتتى ھەمدە خۇشال ۋە قانائەتچان ياشايتتى.

تۆۋەندە بىز ياراتقۇچى خۇدا بىلەن يارالغۇچى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى. خۇدا ئۆزى ياراتقان ئادەمنى سۆيۈشى كېرەكمۇ-يوق؟ ئەلۋەتتە سۆيۈشى كېرەك. خۇدا ئادەملەر موھتاج بولغان نەرسىلەرنى تەمىنلىشى كېرەكمۇ-يوق؟ ئەلۋەتتە، تەمىنلىشى كېرەك.

ئادەمنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئادەم ئۆز ياراتقۇچىسىنى سۆيىشى كېرەكمۇ-يوق؟ ئەلۋەتتە سۆيۈشى كېرەك.




(ئادەم ياراتقۇچىسىنى سۆيۈشى، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشى ۋە بويسۇنۇشى كېرەك)

ئادەم ئۆز ياراتقۇچىسىغا بويسۇنۇشى كېرەكمۇ-يوق؟ ئەلۋەتتە بويسۇنۇشى كېرەك. ئادەم ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خۇدانى سۆيگەندە، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغاندا ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغاندا ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ يارىتىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى. ئوخشاشلا بۇ يەنە ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبى.

خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنى ئىنتايىن گۈزەل بولغان ئېرەم باغقا ئورۇنلاشتۇردى. خۇدا بۇ باغنى ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىدى. باغدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. باغدىكى دەرەخلەر ھەر خىل شېرىن مېۋىلەر بىلەن تولغانىدى. باغدا بىر دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى سۈپ-سۈزۈك ئىدى. ئۇلارغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ شاپائەت بولسا، ئۇلار ياراتقۇچىسى بولغان رەببى بىلەن ئالاقە قىلالايتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى خۇدا چۈشۈپ ئۇلار بىلەن بىللە بولاتتى ۋە ئۇلار بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا ناھايىتى خۇشال ياشايتتى. ئەمما بىر كۈنى بىر ئىشنىڭ يۈزبېرىشى بىلەن بارلىق ئىشلار بۇزۇلدى. گۇناھ بۇ دۇنياغا كىرىپ كەلدى!



(ئېرەن باغدىكى ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا)

## گۇناھ بۇ دۇنيادا زادى قانداق پەيدا بولدى؟

خۇدا بۇ دۇنيانى ياراتقان چاغدا، ھەممە ئىشلار ناھايىتى گۈزەل ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇنداق گۈزەل بولماي قالدى. بىزدە ھازىر كېسەللىك بىلەن ئۆلۈم مەۋجۇت، ھەممە جايدا ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇرۇش بار. ھەممە ئادەم ناھايىتى شەخسىيەتچى ۋە نىيىتى يامان. گۇناھ خۇدانىڭ بۇ گۈزەل دۇنياسىنى بۇزىۋەتتى.

گۇناھ ئادەمنىڭ قەلبىگە قانداق كىردى؟ «مۇقەددەس كىتاب» بۇ ئىشلار توغرىسىدا بىزگە ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئالدى بىلەن بىر قىسىم پەرىشتىلەر خۇدادىن يۈز ئۆرىگەن، ئاندىن ئادەممۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ خۇداغا قارشى چىقتى. تۆۋەندە بىز بۇ توغرۇلۇق توختىلىمىز.

(1) پەرىشتىلەرنىڭ قارشى چىقىشى

خۇدا پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا، بىر پەرىشتىنى پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ ئىسمى لۇسىفىر ئىدى. ئۇ ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ قابىلىيەتلىك ۋە ئەڭ ئەقىللىق پەرىشتە ئىدى.بۇ ئىقتىدارلىق پەرىشتە دەسلەپتە يارىتىلغاندا، خۇدانى سۆيەتتى ۋە ئۇنىڭغا تامامەن بويسۇناتتى. كېيىن لۇسىفىر خۇداغا قارشى چىقىش يولىنى تاللىدى. چۈنكى، ئۇ بەك چىرايلىق ۋە ناھايىتى ئىقتىدارلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ قەلبى تەمەننا ۋە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن تولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى مەن خۇدا بولۇشۇم كېرەك دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇداغا قارشى چىقتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە مۇنداق دەيدۇ:

> «مەن ئاسمانغا چىقىشىم كېرەك، مەن ئۆزۈمنىڭ تەختىنى خۇدانىڭ بارلىق يۇلتۇزلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇشۇم كېرەك؛ شىمالنىڭ ئەڭ چېتىدىكى يىغىلىش قىلىدىغان تاغنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا تۇرۇشۇم كېرەك؛ مەن ئاسماننىڭ ئەڭ قەھرىگە چىقىپ، ياراتقۇچى بولغان خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشۇم كېرەك». (كونا ئەھدە:«يەشايا» 14ـباب 13ـ، 14ـ، ئايەت)




(شەيتان خۇداغا قارشى چىقتى)

لۇسىفېرنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇنىڭ گۇناھى خۇداغا قارشى چىقىشتۇر. لۇسىفېرنىڭ كۆڭلىدىكى ئويى مۇنداق: «مەن خۇداغا بويسۇنۇشنى خالىمايمەن! مەن ئۆزۈم خالىغىنىمنى قىلىمەن!»

لۇسىفېر خۇدانىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىسى بولۇشقا قانائەت قىلماي، خۇدانىڭ ئورنىنى تالىشىپ، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇنىشنى تەلەپ قىلدى. يارالغۇچىنىڭ ياراتقۇچىغا قارشى چىقىشى نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ئىش-ھە!

خۇدا لۇسىفېرنىڭ قەلبىدىكى يامانلىقلارنى كۆرۈپ، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندىن چۈشۈرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى لۇسىفېر، يەنى يورۇقلۇق ئوغلىدىن شەيتانغا ئۆزگەردى. شەيتان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «دۈشمەن» دېگەنلىكتۇر. شەيتان خۇدانىڭ دۈشمىنى، شۇنداقلا بىزنىڭمۇ دۈشمىنىمىز.

شەيتان، تۈنجى بولۇپ خۇداغا قارشى چىققان. لېكىن، بەزى پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خۇداغا قارشى چىقتى. شەيتانغا ئەگەشكەن پەرىشتىلەر «ھالاكەتكە يۈزلەنگەن پەرىشتىلەر» دەپ ئاتالدى؛ خۇداغا سادىق بولغان پەرىشتىلەر «پاك پەرىشتىلەر» دەپ ئاتالدى.



(شەيتان بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن پەرىشتىلەرنىڭ
ھەممىسى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلدى)

شەيتان بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن پەرىشتىلەر خۇداغا قارشى بىر پادىشاھلىق قۇردى. ئادەم خۇداغا قارشى چىققاندىن تارتىپ، بۇ ئالەمدە روھقا مەنسۇپ بولغان ئىككى پادىشاھلىق شەكىللەندى. بۇنىڭ بىرى شەيتاننىڭ پادىشاھلىقى، يەنە بىرى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدىن ئىبارەت.

شەيتاننىڭ پادىشاھلىقى قاراڭغۇلۇقتا تولغان، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى بولسا يورۇقلۇقتا تولغان؛ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا بويسۇنۇش بار. شەيتاننىڭ پادىشاھلىقىدا بولسا ئۆچمەنلىك، ئالدامچىلىق ۋە يامانلىقلار بار؛ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا يەنە مېھىر-مۇھەببەت، ھەقىقەت ۋە ئادالەت بار. بۇ ئىككى پادىشاھلىق ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ.

خۇدا زور قۇدرەتكە ئىگە خۇدادۇر، ئۇ بۇنداق قارشىلىشىشنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. چوقۇم بىر كۈنى شەيتان بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن پەرىشتىلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوتقا تاشلىنىپ، مەڭگۈلۈك جازاغا ئۇچرايدۇ. ئەمما ھازىر بولسا خۇدا ئادەملەرگە شەيتانغا ئەگىشىش ياكى خۇداغا ئەگىشىش پۇرستىنى تاللاش ئەركىنلىكىنى بەردى.



(شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دوزاخقا چۈشىدۇ)

(2) ئادەمنىڭ قارشى چىقىشى

خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائاننىنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئېرەن باغقا ئورۇنلاشتۇردى. خۇدا ئۇلارغا باغدىكى ياخشى-ياماننى پەرقلەندۈرۈش دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن باشقا ھەرقانداق دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خۇدا ئۇلارغا بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىككە بۇيرۇق قىلدى، ئەگەر يېسە چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خۇدا مۇنداق دېدى:

«...ئۇنى يېگەن كۈنۈڭ چوقۇم ئۆلىسەن!»
(تەۋرات:«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 2-باب 17-ئايەت)

بىر كۈنى شەيتان يىلان سىياقىدە باغقا كىردى. ئۇنىڭ مەقسىتى ھاۋائاننىنى ئالداش ئىدى. شەيتان ھاۋائانىغا ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسە ئۆلمەيدىغانلىقىنى ۋە يولدىشى بىلەن ئىككىسى يېسە خۇداغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھاۋائانا شەيتاننىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەندى ۋە چەكلەنگەن مېۋىنى ئۈزۈپ يېدى.

ئادەمئاتا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھاۋائانا مېۋىنى ئۇنىڭغىمۇ بەردى. شۈبھىسىزكى ھاۋائانا شەيتان ئېيتقان سۆزلەرنى ئادەمئاتىغىمۇ ئېيتتى.



(ھاۋائانا مېۋىنى ئادەمئاتىغا بەردى)

ئادەمئاتا چوقۇم بىر قارارغا كېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ خۇدا ئېيتقان سۆزلەرنى بىلەتتى. خۇدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسە چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ ھەممىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ مېۋىنى ئېلىپ يېدى.

ئادەمئاتىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى نېمە؟ ئۇنىڭ گۇناھى ئۇنىڭ خۇداغا قارشى چىققانلىقىدۇر. ئادەمئاتا خۇدانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، خۇداغا قارشى تۇرۇشنى تاللىدى. ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى پوزىتسىيىسى بولسا: «مەن ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلىمەن!» دېيىشتىن ئىبارەت!

ئەگەر ئادەمدە قارشى تۇرۇش ئوي-پىكرى بولىدىكەن، ئۇنىڭدا بويسۇنۇش ھەرىكىتى بولمايدۇ. ئادەمئاتا چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ، شەيتانغا ئەگىشىپ خۇداغا قارشى تۇردى. ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا خۇداغا بويسۇنمىغان ئاشۇ مىنۇتتىن باشلاپ روھىي جەھەتتە ئۆلدى. بىز كېيىنكى دەرسدە بۇ توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ تەلىملەرنى ئۆگىنىمىز.



(ئادەمئاتا شەيتانغا ئەگەشىپ خۇداغا قارشى چىقتى)

## ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ ئېرەن باغدىن قوغلىنىشى

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا خۇداغا قارشى چىقتى. خۇدا ئادىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گۇناھىغا سەل قارىيالمىدى. ئۇ بۇ ئىشنى بىلمەسكە سالالمايدۇ ۋە ھېسداشلىق قىلالمايدۇ.

خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلارغا جازا ھۆكۈم قىلدى. ئۇلار ناھايىتى گۈزەل بولغان ئېرەن باغدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن بۇرۇنقىدەك ئالاقىلىشالمايتتى. گۇناھ ئۇلارنى خۇدا بىلەن ئايرىۋەتتى. ئۇلار باغدىكى مېۋىنى يېيەلمەيتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئادەم پەقەت جاپالىق ئىشلىگەندىلا ئاندىن يېمەكلىككە ئېرىشەلەيدىغان بولدى. ھاۋائانىمۇ چوقۇم يولدىشىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان ۋە تۇغۇتنىڭ ئازابلىرىنى چېكىدىغان بولدى. ھەتتا يەرمۇ گۇناھ تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ قاغىشىغا ئۇچرىدى.



(ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا ئېرەم باغدىن قوغلاندى)

كېيىنكى دەرستە، بىز تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئادەمنىڭ خۇداغا قارشى چىقىش نەتىجىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپ كۆرىمىز.

---

# بايقالغان ھەقىقەت

## گۇناھ بىر ئادەمنىڭ بويسۇنماسلىقىدىن بۇ دۇنياغا كىرگەن

---

### پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

گۇناھ قانداق قىلىپ بۇ دۇنياغا كىرگەن؟

«ئالەمنىڭ ئارىتىلىشى» 1-، 2-، 3- بابلار

«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 1-باب 18-، 32- ئايەتلەرنى ئوقۇڭلار.




# ئون پەرمان

## 2- پەرمان

«ئۆزۈڭلارغا بۇت ياسىماڭلار ۋە ھېچقانداق شەكىل تىكلىمەڭلار، . . .مەبۇدلارغا سەجدە قىلماڭلار ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلماڭلار. ..» (تەۋرات:«مىسىردىن چىقىش كىتابى» 20-باب 4-، 5- ئايەت)

بىرىنچى پەرمان بىزگە خۇدادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئىككىنچى پەرمان بولسا بىزگە خۇداغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھېچقانداق مەبۇد ياسىماسلىقىمىز ۋە ئۇلارغا سەجدە قىلماسلىقىمىز، خىزمەت قىلماسلىقىمىزنى تەكىتلەيدۇ. بىز ھەرگىزمۇ كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان جىسىملارغا سەجدە قىلماسلىقىمىز كېرەك. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

« خۇدايىڭ بولغان رەبكىلا ئىبادەت قىل، يالغۇز ئۇنىڭغىلا چوقۇن». (ئىنجىل:«ماتتا» 4-باب 10-ئايەت)

خۇدا بولسا روھ، بىز ئۇنى كۆرەلمەيمىز ھەم تۇتالمايمىز. ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، خۇدا ئۆزى تاللىغان خەلقىگە گەپ قىلغاندا، «مۇقەددەس كىتاب»تا: ئۇلار«ھېچقانداق بىر شەكىلنى ياكى ئوبرازنى كۆرمىگەن»دەپ خاتىرىلەنگەن.

خۇدا بارلىق مەبۇدلارغا ئۆچ. چۈنكى، مەبۇدلار ياراتقۇچىمىز ئېرىششقا تېگىشلىك بولغان شان-شەرەپلەرنى تارتىۋالىدۇ. خۇدا بىزنى ياراتقان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ھەرقانداق يېرىدىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى خۇدا ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ يېگانە ئوغلى ئەيسا مەسىھتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە سەجدە قىلىشقا يول قويمىغان.

بىز شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن ياسالغان بۇتلاردىن باشقا يەنە باشقا شەكىلدىكى بۇتلارمۇ بار. ئەگەر بىز مەلۇم نەرسىنى خۇدادىن بەكرەك ياخشى كۆرسەك، ئۇ هالدا بۇ نەرسە بىزنىڭ بۇتىمىزغا ئايلىنىدۇ. بىزنىڭ بۇتىمىز بەلكىم بىزنىڭ نەتىجىمىز، مال-مۈلۈكىمىز، هۆسۈن-جامالىمىز ۋە نام-ئاتىقىمىز بولۇشى مۇمكىن.

سىزنىڭ هاياتىڭىزدا خۇدانىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بارلىق نەرسىلەر سىزنىڭ بۇتىڭىز بولىدۇ. كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ بۇتى پۇل، ئۇلار پۇل ئۈچۈن ياشايدۇ. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ بۇتى كەيپى-ساپا، هۇزۇر-هالاۋەت. خۇدانى قايرىپ قويىدىغان، خۇدانى تونۇشىڭىزغا توسالغۇ بولىدىغان هەرقانداق نەرسە سىزنىڭ بۇتىڭىز بولىدۇ. خۇدا هەرگىزمۇ كۆڭلى ئالا ئادەملەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. هەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېگەن:

> «بىر ئادەم هەرگىزمۇ ئىككى خوجايىنغا خىزمەت قىلالمايدۇ، ئۇ يا بۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى يامان كۆرىدۇ؛ ياكى بۇنىڭغا بەكرەك ئەهمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭغا سەل قارايدۇ. . . » (ئىنجىل:«ماتتا» 6-باب 24-ئايەت)

بىزنىڭ خۇداغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز پەقەتلا ئۇنى سۆيۈش، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشتۇر. ئۇ بىزنىڭ نۇرغۇن خۇدالىرىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بىرى بولۇشنى ياكى خۇدالارنىڭ خۇداسى بولۇشنى رەت قىلىدۇ. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

> «مەن خۇدا بولىمەن، بۇ مېنىڭ ئىسمىم، مەن ئۆزۈمنىڭ شان-شەرىپىمنى هەرگىزمۇ يالغان خۇدالارغا بەرمەيمەن، هەم ئۆزۈمگە مەنسۇپ مەدهىيەلەرنى مەبۇدلارغا بەرمەيمەن». (كونا ئەهدە:«يەشايا» 42-باب 8-ئايەت)

# خۇدانىڭ سۆزلىرى

«مۇقەددەس كىتاب» خۇدانىڭ مۇقەددەس سۆزلىرىدۇر. ئۇ خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن مەكتۇپلىرىدۇر. «مۇقەددەس كىتاب» پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم كىتاب بولۇپ، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن «خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن مەجمۇئەسى» دەپ ئاتالدى. «مۇقەددەس كىتاب» جەمئىي 66 كىتابتىن تەركىپ تاپقان.

«مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ئالدىنقى قىسمى «كونا ئەھدە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن بۇرۇن يېزىلغان بولۇپ جەمئىي 39 جىلدتىن تەركىپ تاپقان. «كونا ئەھدە» بىزگە ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقى ھەمدە خۇدا تاللىغان خەلق، يەنى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ.

«مۇقەددەس كىتاب»نىڭ كېيىنكى قىسمى «يېڭى ئەھدە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەزرىتى ئەيسا دۇنياغا كېلىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ جەمئىي 27 جىلدتىن تەركىپ تاپقان. «يېڭى ئەھدە» بىزگە ھەزرىتى ئەيسانىڭ كىملىكى، ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ.

## بىز «مۇقەددەس كىتاب»قا قانداق ئېرىشەلىدۇق؟

گەرچە خۇدا كۆپ ئادەملەرنى ئىشلىتىپ «مۇقەددەس كىتاب»نى يازدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ھەقىقىي ئاپتورى يەنىلا خۇدانىڭ ئۆزىدۇر. «مۇقەددەس كىتاب» 1600 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 40 تىن ئارتۇق ئوخشىمىغان ئادەملەر تەرىپىدىن يېزىلىپ پۈتكەن. شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، بۇ ئوخشىمىغان ئادەملەر خۇدانىڭ بىۋاستە كۆرسەتمىسى بويىچە بۇ كىتابلارنى يېزىپ چىققان. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

> «چۈنكى ھەرقانداق بېشارەت ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس. بەلكى ئۇ، پەيغەمبەرلەر خۇدانىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەندە، مۇقەددەس روھنىڭ تەسىرلەندۈرۈشىدىن بارلىققا كەلگەن». (ئىنجىل:«پېترۇس يازغان 2-خەت» 1-باب 21-ئايەت)




(«مۇقەددەس كىتاب» 66 كىتابتىن تەركىپ تاپىدۇ)




(خۇدا نۇرغۇن ئادەملەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق «مۇقەددەس كىتاب»نى يازدۇردى)

«مۇقەددەس كىتاب» خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى «مۇقەددەس كىتاب»تىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ سۆزلىرىدۇر! «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ھەربىر جۈملە خۇدانىڭ ۋەھىيسىدىن كەلگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

> «پۈتۈن مۇقەددەس كىتاب خۇدانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ، ھەقىقەت توغرىسىدا تەلىم بېرىش، خاتالىقلارنى ئېچىپ تاشلاش، سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىش ۋە كىشىلەرنى ھەققانىيلىققا يېتەكلەشكە پايدىلىقتۇر».
> (ئىنجىل:«تىموتىيغا يېزىلغان 2-خەت» 3-باب 16-ئايەت)

«مۇقەددەس كىتاب» بولسا مۇشۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان بىردىن بىر كىتابتۇر. «مۇقەددەس كىتاب» يەنە خۇدا ئادەملەرگە ئۆزى توغرۇلۇق بىشارەت بەرگەن بىردىن بىر كىتابتۇر. «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بابىدا خۇدا ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ بۇ كىتابتىكى سۆز-ئىبارىلەرنى ئېلىۋەتمەسلىكنى ياكى باشقا سۆز-ئىبارىلەرنى قوشماسلىقنى تەكىتلىگەن. (ئىنجىل:«ۋەھىي» 22-باب 18-، 19- ئايەت) دىن پايدىلىنىڭ.

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تالاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. بىز «مۇقەددەس كىتاب»تىن شۇنى ئۆگىنىۋالالايمىزكى ( )
(1) ئالەم تاسادىپىي شەكىللىنىپ قالغان.
(2) ئالەم ئەزەلدىنلا مەۋجۇد.
(3) ئالەمنى خۇدا ياراتقان.

2. خۇدا پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغاچقا( )
(1) ئۇ ئادەملەرگە قىزىقمايدۇ.
(2) كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلىشى كېرەك، ئەمما ئۇنىڭغا سەجدە قىلمىسىمۇ بولىدۇ.
(3) ئۇ بارلىق ماختاشلارغا، ھۆرمەتكە ۋە سەجدە قىلىشقا لايىق.

3. ئادەم خۇدانىڭ ئەڭ ئاجايىپ ئىجادىيىتى، چۈنكى ( )
(1) ئادەم خۇدا ياراتقان بارلىق مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىقى.
(2) ئادەم خۇدانىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن يارىتىلغان.
(3) ئادەم نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

4. تۆۋەندىكى قايسى نۇقتا ئادەم بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ( )
(1) ئادەم ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خۇدانى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ بويسۇنغان ۋاقىتتا.
(2) ئادەم دائىم دىنىي يىغىلىشلارغا قاتنىشىپ تۇرغاندا.
(3) ئادەم پۇللىرىنى سەدىقە قىلىپ، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغاندا.

5. لۇسىفىرنىڭ گۇناھى بولسا ( )
(1) خۇدانىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىۋالغان.
(2) خۇداغا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغان.
(3) خۇداغا قارشى چىققان.

6. لۇسىفىرنىڭ پوزىتسىيىسى بولسا ( )
(1) مەن خۇداغا بويسۇنۇشنى خالىمايمەن! مەن ئۆزۈم خالىغان ئىشلارنى قىلىمەن!
(2) مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خۇداغا بويسۇنىمەن.
(3) مەن پات-پات خۇداغا بويسۇنىمەن.

7. خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىغا دېدىكى( )
(1) ئۇلار باغدىكى ھەرقانداق دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسە بولىدۇ.
(2) ئۇلار باغدىكى ھەرقانداق دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسە بولمايدۇ.
(3) ئۇلار باغدىكى ياخشى بىلەن يامانىنى پەرقلەندۈرىدىغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسە بولمايدۇ.

8. ئادەمنىڭ گۇناھى بولسا ( )
(1) ئۇ خۇدانى ئۆچ كۆرگەن.
(2) ئۇ خۇداغا قارشى چىققان.
(3) ئۇ مەغرۇرلانغان.

9. گەرچە ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ( )
(1) خۇدا يەنىلا ئۇلارنىڭ گۇناھىغا سەل قارىدى.
(2) بۇ خۇدا بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزەلمىدى.
(3) خۇدا يەنىلا ئۇلارنى سۆيدى، ئەمما ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا سەل قارىمىدى.

10. ئىككىنچى پەرمان بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدىكى ( )
(1) بىز خۇداغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ياسىماسلىقىمىز كېرەك.
(2) بەزىبىر مەبۇدلارنى ياساپ، بۇ بۇتلار ئارقىلىق خۇدانى ئويلىساق ھېچ نەرسە بولمايدۇ.
(3) بەزى نەرسىلەر خۇدانىڭ ئورنىنى ئىگىلىسە ھېچنەرسە بولمايدۇ.

## سىز بۇ دەرستە ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت قايسى؟

# ئۈچىنچى دەرس
# ئادەملەرنىڭ مەسىلىسى ۋە خۇدانىڭ جاۋابى



«بىر ئادەمنىڭ ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن پۈتكۈل ئىنسان گۇناھكار بولدى. . . » (ئىنجىل «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب 19-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

بۇ دۇنيادا ۋە مەڭگۈلۈك بولغان ئۇ دۇنيادا خۇشال ياشىشىمىز ئۈچۈن بىز ياراتقۇچىمىز بولغان خۇدا بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىز كېرەك. ئادەمئاتا دەسلەپتە يارىتىلغان چاغدا خۇدا بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە ئىدى. ئۇ خۇدانى سۆيەتتى، خۇداغا ئىبادەت قىلاتتى ۋە بويسۇناتتى. ئەمما بىر كۈنى ئادەمئاتا خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق مۇناسىۋەت بۇزۇلدى.

ئادەمئاتىنىڭ يۈز ئۆرۈشى بىلەن بويسۇنماسلىقى نۇرغۇنلىغان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ دەرستە بىز بەزى ئاقىۋەتلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

## ئادەمئاتا روھىي جەھەتتە ئۆلدى

خۇدانىڭ ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىغا ياخشى ياماننى پەرقلەندۈرىدىغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىك توغرىسىدا بەرگەن بۇيرۇقى چوقۇم ئىسىڭىزدە بولۇشى مۇمكىن. خۇدا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ «يېگەن كۈنۈڭلار چوقۇم ئۆلىسىلەر» دېگەنىدى.

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا خۇداغا بويسۇنماي چەكلەنگەن مېۋىنى يېدى. ئۇلارنىڭ بويسۇنماسلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بولدى. ئۇنداقتا بۇ قايسى خىلدىكى ئۆلۈم؟ بۇ روھىي جەھەتتىكى ئۆلۈمدۇر. ئادەمئاتا چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەن چاغدا، ئۇنىڭ تېنى ئۆلمىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ يەنە نەچچە يۈز يىل ئۆمۈر

كۆردى، ئەمما روھىي جەھەتتە ئۇ ئاشۇ چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەن مىنۇتتا ئۆلدى.

روھىي جەھەتتىكى ئۆلۈم نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ خۇدادىن ئايرىلىشنى كۆرسىتىدۇ. زادى قانداق نەرسە ئادەمئاتىنى خۇدادىن ئايرىۋەتتى؟ ئۇ بولسىمۇ گۇناھ! دەل گۇناھ تۇنجى ئادەمنى ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىدىن ئايرىۋەتتى!




(گۇناھ ئادەمئاتىنى خۇدادىن ئايرىۋەتتى)

سىز بەلكىم نېمە ئۈچۈن تۇنجى ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ قىلمىشىنى بىلىشىمىز كېرەك دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى ئادەمئاتا بارلىق ئادەمزاتنىڭ مەنبەسى. خۇدا دەسلەپتە كۆرمىڭلىغان ئادەملەرنى ياراتقان ئەمەس. ئۇ پەقەت بىرلا ئادەمنى يەنى ئادەمئاتىنى ياراتقان. ئادەمئاتىدىن بارلىق ئادەملەر كېلىپ چىققان. خۇدانىڭ نەزىرىدە بارلىق ئادەملەر ئادەمئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. شۇڭا ئادەمئاتىنىڭ ھەرىكىتى پۈتۈن ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.




(ئادەمئاتا ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئەجدادى)

# ئادەملەرنىڭ مەسىلىسى

ھەربىر ئادەم نەسلىدىن تۇغۇلغان كىشى ئادەمئاتىنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىگە

ئىگە بولىدۇ. بۇنداق گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ھەربىرىدە كۆپلىگەن مەسىلىلەر بولىدۇ:

(1) ئادەم خۇدادىن ئايرىلغان بولىدۇ.

(2) ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى قۇپ-قۇرۇق بولىدۇ.

(3) ئادەمدە گۇناھكار تەبىئەت بولىدۇ.

(4) ئادەم نۇرغۇنلىغان گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

ئەمدى بىز بۇ مەسىلىلەرنى بىربىرلەپ تەھلىل قىلايلى.

## 1. ئادەم خۇدادىن ئايرىلغان بولىدۇ.

ئادەمئاتا خۇداغا بويسۇنمىغان ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ روھىي جەھەتتە ئۆلدى. ئۇ خۇدادىن ئايرىلىپ قالدى. ئادەمئاتىنىڭ گۇناھى ئۆزى بىلەنلا تۈگەپ قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتۈن ئىنسانلارغا روھىي جەھەتتىكى ئۆلۈمنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادا تۇغۇلغان ھەربىر ئادەم روھىي جەھەتتە ئۆلگەن بولىدۇ، يەنى ئۇ خۇدادىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

> «گۇناھ بىر ئادەم ئارقىلىق، يەنى ئادەمئاتىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشى بىلەن پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈممۇ گۇناھ ئارقىلىق پەيدا بولدى. نەتىجىدە، ھەممە ئادەم گۇناھ سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم پۈتكۈل ئىنسان ئىچىگە تارقالدى». (ئىنجىل:«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب 12-ئايەت)



(خۇدادىن ئايرىلىش)

## 2. ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى قۇپ-قۇرۇق

ئەگەر بىز كالىلمىزدىكى ئوي-پىكىرىمىزنى ئاڭلىيالايدىغان بولساق، بۇ ئوي-پىكىرلەر مۇنداق بولىدۇ: «مېنىڭ ھاياتىم نېمە دېگەن مەنىسىز، مەن

ئۆزۈمنىڭ قەدىر قىممىتىمنىڭ بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەن. مەن نەتىجە قازىنىشىم كېرەك. مەن مەنىلىك، قىممىتى بار ھايات كەچۈرۈشۈم كېرەك. ئەگەر مەن نام-ئابرويلۇق ئادەم بولسام باشقىلار مېنى ياخشى كۆرۈشى ۋە قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا مەنمۇ ئۆزۈمنى ياخشى كۆرەلەيمەن ھەم قوبۇل قىلالايمەن».

بىزدە مۇشۇنداق ئوي-پىكىرنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەب، خۇدا بىزنى ياراتقان چاغدا، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۆزىمىزنىڭ قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلدۇرغان. ئادەمدە نىشان بولغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ئادەملەر يەنە ئۆزى مۇھىم دەپ بىلگەن ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە قوبۇل قىلىشىغا موھتاج بولىدۇ.

خۇدانىڭ پىلانى ئۆزى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتۇر. خۇدا ئادەمنى سۆيىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. پەقەت ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغاندا، ئاندىن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ئېھتىياجلار قانائەتلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇشال ۋە قانائەتچان ھېس قىلىدۇ.

ئەمما ئادەم خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئادەمنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ئېھتىياجلار قانائەت تاپالمايدۇ. ئادەم دائىم بىئارام بولۇپ، تىنچسىزلىنىدۇ ھەم پەقەت قانائەتلەنمەيدۇ. ئادەمنىڭ قەلبىدە تىنچلىق بولمايدۇ.

## 3. ئادەمدە گۇناھكار تەبىئەت بولىدۇ

ئادەمئاتا دەسلەپتە يارىتىلغان چاغدا، ئۇنىڭ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ خۇدانى سۆيەتتى، خۇداغا سەجدە قىلاتتى ۋە بويسۇناتتى.

ئادەمئاتا گۇناھ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئەسلىدە خۇدانى سۆيەتتى ۋە خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلاتتى، ئەمما گۇناھ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى سۆيىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئادەمئاتىنىڭ تەبىئىتىدە گۇناھ پەيدا بولدى.

ئادەمئاتا ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىكى گۇناھنى ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارغا مىراس قالدۇردى. ئادەمئاتىدىن بىر توپ گۇناھكار ئىنسانلار تۇغۇلدى. ھەربىر ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ تەبىئىتىدە گۇناھ بولىدۇ. مانا بۇ

ئادەمئاتىنىڭ خۇداغا بويسۇنمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

> «بىر ئادەمنىڭ ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن پۈتكۈل ئىنسان گۇناھكار بولدى...». (ئىنجىل:«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب 19-ئايەت)



(بىر ئادەمنىڭ گۇناھ قىلىشى بىلەن ھەممە ئادەم گۇناھكار بولدى)

«مۇقەددەس كىتاب»تا «ئىتائەتسىز ئادەمنىڭ قەلبىدە يامان روھ بار» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ يامان روھ دەل شەيتاننىڭ روھى! شەيتان خۇداغا قارشى چىقىپ كۆڭلىدە«مەن ئۆزۈم خالىغىنىمنى قىلىمەن!» دېدى. ئادەمئاتىمۇ شەيتانغا ئەگىشىپ خۇداغا قارشى چىقتى ۋە ئۇمۇ «مەن ئۆزۈم خالىغىنىمنى قىلىمەن!» دېدى. ھازىر سىز بىلەن مەنمۇ ئۆز كۆڭلىمىزدە مۇشۇ سۆزلەرنى دەۋاتىمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «بىز خۇددى ئازغان قويغا ئوخشاش ئۆز يولىمىزدىن چەتنىدۇق. . . » (كونا ئەھدە «يەشايا» 53-باب 6-ئايەت)




(ھەممىمىز ئۆز يولىمىزدىن چەتنىدۇق)

## 4. ئادەم نۇرغۇنلىغان گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

بىز ئىنسانلار گۇناھكار تەبىئەتكە ئىگە بولغاچقا كۆپ گۇناھلارنى قىلىمىز. بەزى ئادەملەرنىڭ گۇناھى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ. مەيلى گۇناھ كۆپ ياكى ئاز بولسۇن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گۇناھكار. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ھەققانىي ئادەم يوقتۇر، ھەتتا بىرىمۇ،
ھەق-ماھەقنى چۈشىنىدىغان ھەم.
يوقتۇر خۇدانى ئىزدىگەن ئادەممۇ.
چەتنىدى ھەممە ئادەم خۇدا يولىدىن،
قالدى كىرىپ خاتا يولغا.
ياخشىلىق قىلغۇچى يوقتۇر، ھەتتا بىرىمۇ». (ئىنجىل «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3-باب 10-، 11-،12-ئايەت)

## گۇناھ دېگەن نېمە؟

ئادەملەر توغرا بىلەن خاتانىڭ ئۆلچىمىنى بىكىتىشكە ئامراق. بەزىلەر «گۇناھ دېگەن نېمە؟» دەپ سوئال سورايدۇ. بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل يەنىلا خۇدانىڭ سۆزلىرىدىكى گۇناھقا ئائىت قىسىملارغا قاراشتۇر.

## • خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش گۇناھتۇر

خۇدا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدە بىزگە نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېگەنلىك خۇدانىڭ قانۇنىنى بۇزۇش ياكى ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق دېگەنلىكتۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «گۇناھ سادىر قىلغان كىشى خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ» (ئىنجىل:«يۇھاننا يازغان 1-خەت» 3-باب 4-ئايەت)

بىز بەزىدە يوللاردا «بۇ يەردىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختىلارنى كۆرىمىز، بۇنىڭ مەنىسى بۇ چېگرادىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇ بەلگىلىمىگە پەرۋا قىلماي ئۇيەردىن ئۆتسەك، مەيلى بىر قەدەم ياكى بىر نەچچە قەدەم مېڭىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىز شۇ قائىدە-تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز.



(قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش گۇناھتۇر)

ئوخشاشلا خۇدانىڭ قانۇنىمۇ مانا مۇشۇنداق. ئومومەن خۇدا توغرا دەپ قارىغان ئىشلاردىن ھالقىپ كېتىلسە ئۇنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان بولىدۇ. خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپ ھەرقانداق ئىش گۇناھ بولىدۇ.

## • خۇداغا ئىشەنمەسلىك گۇناھتۇر

«مۇقەددەس كىتاب» بولسا خۇدانىڭ مۇقەددەس سۆزلىرىدۇر. ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئىنسانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن چوڭ گۇناھلىرى ھېسابلىنىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

> «خۇداغا ئىشەنمىگەن كىشى خۇدانى يالغانچى دەپ قارىغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ، خۇدانىڭ ئۆز ئوغلى توغرۇلۇق بەرگەن گۇۋاھلىقىغا ئىشەنمىگەن». (ئىنجىل:«يۇھاننا يازغان 1-خەت» 5-باب 10-ئايەت)

## • قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلماسلىق گۇناھتۇر

بىز قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى قىلساق خۇدانى رەنجىتىپ

قويىمىز. ئوخشاشلا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلمىساقمۇ خۇدانى رەنجىتىپ قويىمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىغانلار گۇناھ قىلغان بولىدۇ». (ئىنجىل:«ياقۇپ يازغان خەت» 4ـ باب 17ـ ئايەت)

## • خۇدانىڭ ھوقۇقىغا قارشى چىقىش گۇناھتۇر

خۇدانىڭ ھوقۇقى دېگىنىمىز باشقۇرۇش ھوقوقى ۋە باشقىلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇش ھوقوقىدۇر. خۇدانىڭ ھوقۇقىغا قارشى تۇرۇش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«ئىتائەتسىزلىك قىلىش بىلەن جادۇگەرلىك قىلىش ئوخشاش دەرىجىدىكى گۇناھ، بوينى قاتتىقلىق بىلەن مەبۇدقا ۋە يالغان خۇداغا چوقۇنۇشمۇ تەڭ دەرىجىدىكى گۇناھ » (كونا ئەھدە: «سامائىل 1ـ كىتابى» 15ـ باب 23ـ ئايەت)

## • بارلىق ئادالەتسىزلىك گۇناھتۇر

«مۇقەددەس كىتاب» بويىچە خۇدانىڭ پەرمانىغا بويسۇنماسلىق گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بەزى گۇناھلار ھەقىقەتەنمۇ باشقا گۇناھلارغا قارىغاندا ئېغىر بولىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بارلىق خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى گۇناھ بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەممە ئادالەتسىزلىك گۇناھتۇر». (ئىنجىل: «يۇھاننا يازغان 1ـ خەت» 5ـ باب 17ـ ئايەت)

«مۇقەددەس كىتاب»تا خۇدا ئۆزىنىڭ كەم-كۇتىسىز ئۆلچەملىرىنى بىزگە كۆرسەتكەن. ھېچقانداق ئادەم خۇدانىڭ بۇ ئۆلچىمىگە يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ھەممە ئادەم گۇناھكار. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ھەممە ئادەم گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىدىن مەھرۇم قالغان». (ئىنجىل: «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3ـ باب 23ـ ئايەت)

# گۇناھنىڭ مەنبەسى

گۇناھنىڭ مەنبەسى تېپىپ چىقىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئۆزىمىزنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىمىزنى بايقاشلا كۇپايە ئەمەس. بىز يەنە زادى نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلىدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا گۇناھنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟ گۇناھنىڭ مەنبەسى دەل ئۆزىمىز، يەنى بىزنىڭ تەبىئىتىمىزدىكى شەخسىيەتچىلىكتۇر. شەخسىيەتچىلىك دائىم «مەن ئۆزۈم خالىغىنىمنى قىلىمەن» دەيدۇ.




(شەخسىيەتچىلىك گۇناھنىڭ مەنبەسى)

ئادەم ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى تەختتىن خۇدانى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇ جايغا ئۆزىنى قويدى. ئەسلىدىكى خۇدانى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشنىڭ ئورنىغا ئادەم ئۆزىنى سۆيىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى. ئادەم ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دەيدۇ:«مەن چوقۇم ئۆزۈمنىڭ يولىدا مېڭىشىم كېرەك، ئۇنداق بولمىسا مەن رازى بولمايمەن ھەم ئاچچىقلىنىشىم مۇمكىن».

بۇ خىل جاھىل، شەخسىيەتچىل پوزىتسىيە ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئادەملەر پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشنىڭلا كويىدا بولىدۇ، ئۇلار بۇنى تەبىئى ۋە نورمال ئىش دەپ قارايدۇ. ھەتتا بەزىلەر باشقىلارنى شەخسىيەتچىلىك بىلەن ياشاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بەزى ئادەملەر مۇنداق دەيدۇ:«سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرغىن. سەن ئۆزۈڭ قىلىمەن دېگەن ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ئۆزۈڭنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزدەشكە تامامەن ھوقوقلۇق. بۇلارنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئولتۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق».

ھالبۇكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ كۆرسىتىشى بويىچە، خۇدا بۇنداق

شەخسىيەتچىل، گۇناھقا تولغان ھاياتتىن بىزار. بۇنداق ھايات ئادەملەرنى ۋەيران قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا شەخسىيەتچىلىكنى بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىزنىڭ مەنبەسى دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

> «چۈنكى ئادەمنىڭ ئىچىدىن، يەنى ئادەملەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىن يامان پىكىرلەر، بۇزۇقچىلىق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، زىناخورلۇق، تاماخورلۇق، يامانلىق، ھىيلە-مىكىرلىك، شەھۋەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق ۋە جاھىللىق چىقىدۇ. بۇ يامان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئادەمنى ناپاك قىلىدۇ». (ئىنجىل:«ماركوس» 7-باب 21-، 22-،23-ئايەت)

بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ياشىماسلىقىمىز كېرەك، بىز خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى تەختتە يەنىلا «ئۆزىمىز» بولىدىكەن، بىز خۇداغا ئەگىشەلمەيمىز. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «كىملەر مەن بىلەن مېڭىشنى خالىسا، ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتىرىپ، ماڭا ئەگەشسۇن!» (ئىنجىل:«لۇقا» 9-باب 23-ئايەت)

## ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ئۇرىنىدۇ

ھەرقانداق ئادەمدە ۋىجدان بولىدۇ. ئادەملەر خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، ئۇلارنىڭ ۋىجدانى(قەلبىدىن چىققان بىر سادا) خاتا قىلغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ. قەلبىدىن چىققان ئاۋاز مۇنداق دەيدۇ: «سەن خۇدانىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلدىڭ. سەن گۇناھكار بولدۇڭ». ئادەملەر داۋاملىق ئۆز يولىدا مېڭىپ خۇداغا بويسۇنمىسا، ئۇ چىدىغۇسىز بولغان گۇناھنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئارتىۋالىدۇ.

ۋىجداننىڭ ئەيىبلىشى تۈپەيلىدىن ئادەملەر ناھايىتى ئازابلىنىدۇ ھەمدە ئادەملەر خۇدادىن قورقىقاچقا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياكى بۇ مەسىلىلەردىن قېچىشقا ھەر خىل چارە-ئاماللارنى ئىزدەيدۇ. قېنى بىز بۇ بىرنەچچە خىل چارە-ئامالالارغا قاراپ باقايلى.

## • بۇ دۇنيادىكى نەتىجىلەرنى قوغلىشىش

بەزى ئادەملەر مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ قەلبىدە خۇدا ئورۇنلاشتۇرغان بىر بوشلۇق بار، بۇ بوشلۇقنى پەقەت خۇدالا تولدۇرالايدۇ». بۇ سۆز ھەقىقەتەن توغرا. بىز يارىتىلغان ۋاقتىمىزدا، قەلبىمىزدە مەلۇم ئېھتىياجلىرىمىز بار بولغان. پەقەت خۇدا قەلبىمىزدە بولغاندا، بۇ ئېھتىياجلىرىمىز ئاندىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما ئادەملەر خۇدادىن يۈز ئۆرىدى ۋە خۇدا بىلەن ئىناق مۇناسىۋىتى بولماي قالدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى ئېھتىياجلار قانائەت تاپالمىدى. كۆپلىگەن ئادەملەر مال-مۈلۈك يەنى ماشىنا، ئېسىل ئۆيلەر، ھەشەمەتلىك بۇيۇملار ۋە ھەر خىل زامانىۋى ئائىلە سايمانلىرىنى توپلاش بىلەن ئۆز ھاياتىنى قانائەت تاپقۇزۇشقا ئۇرىنىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى راھەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە ياردەم بېرىدۇ، لېكىن ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئېھتىياجنى مەڭگۈ قاندۇرالمايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «ھەقىقىي ھاياتلىق مال-دۇنيانىڭ كۆپلىكىگە باغلىق ئەمەس». (ئىنجىل:«لۇقا» 12-باب 15-ئايەت)

نۇرغۇنلىغان ئادەملەر نەتىجە قوغلىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئۇرىنىدۇ. ئۇلار ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش بىلەن ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. ھالبۇكى نەتىجە، مال-مۈلۈك ۋە ھوقوق ئادەمنى ھەقىقىي خۇشال قىلالمايدۇ. بۇ نەرسىلەر ئادەملەرنى ئۆلگەندىن كېيىن، خۇدانىڭ ئالدىدا بولىدىغان سوراقتا ئالدىن تەييارلىق قىلغۇزالمايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «ئادەم نۇرغۇن پۇل تېپىپ ئۆز جېنىدىن ئايرىلسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟» (ئىنجىل:«ماركوس» 8-باب 36-ئايەت)

## • دۇنيانىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتىگە ئىنتىلىش

ئادەملەر دائىم بۇ دۇنياغا تەۋە ھوزۇر-ھالاۋەتلەرنى قوغلىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردىن قېچىشقا ئۇرىنىدۇ. بەزى ئادەملەر «يەپ-ئىچىپ راسا ئوينايلى، چۈنكى بىز ئەتە ئۆلۈپ كېتىمىز» دەيدۇ. بۇ خىل كۆز-قاراشنىڭ خاتا يېرى شۇكى، بىز ئۇنداق بالدۇر بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشمايمىز. ئەكسىچە بىز گۇناھلىق قىلمىشمىزنى كۆتۈرگەن پېتى يەنە ياشايمىز. بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسال بار، 42 ياشقا كىرگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىرئايال ھەسرەت چېكىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ياش ۋاقتىمدا گۇناھ پاتقىقىغا پېتىپ قىلىپ ھاياتىم خانىۋەيران بولدى. باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان ئاشۇ گۇناھلارنى مەن ياش

ۋاقىتمىدا قىلغان. مەن دائىم ئاشۇ گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئازابلىنىمەن ھەم پۇشايمان قىلىمەن. . . مەن خۇدانىڭ بۇ گۇناھلىرىمنى مېنىڭدىن ئېلىۋېتىشىنى ھەم ماڭا تىنچلىق ئاتا قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن»

## • ھاراق ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش

بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولغان شەيتان بىزگە ئىنتايىن ئۈچ بولۇپ، ئۇ ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بىزنى نابۇت قىلىۋېتىشكە ئۇرىنىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا شەيتاننى مۇنداق دەيدۇ:

«... ئۇ ئەزەلدىن قاتىل بولۇپ، ھەم ھەقىقەتتە تۇرمايدۇ...» (ئىنجىل:«يۇھاننا» 8-باب 44-ئايەت)

شەيتاننىڭ ئادەمنى نابۇت قىلىشىدىكى ۋاستىلىرىنىڭ بىرى ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكتۇر. ئادەملەر داۋاملىق ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقتىن قاچىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئۇلارنى ۋاقىتنچە قىيىنچىلىقتىن خالىي قىلسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئادەملەر ئۆزلىرى ۋەيران بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«شاراپ ئۆزى مەسخىرە قىلغۇچى بولۇپ، ئۇ جېدەل پەيدا قىلىدۇ؛ كىمدە كىم ئۇنى ئىچىپ مەست بولسا نادانىدۇر».
(كونا ئەھدە:«پەندى-نەسىھەتلەر» 20-باب 1-ئايەت)

## • توۋا قىلىپ يېڭى ئادەم بولۇش

بەزى ئادەملەر ئۆزىدىكى گۇناھلارنى ھېس قىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇرۇنقى قىلمىشىمنى ئۆزگەرتىپ يېڭى ئادەم بولىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ياخشى ئادەم بولىمەن، بەلكىم بۇ مېنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ قالار». ئەمىلىيەتتە ئادەملەر ھەرقانچە تىرىشسىمۇ گۇناھسىز تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ. شۇنداق قىلالىدى دېگەن تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرىنى ھەرگىز يۇيالمايدۇ.

## • تاشقى جەھەتتىكى تەقۋادارلىق

كۆپلىگەن ئادەملەر مەسچىتكە بېرىش، ناماز ئوقۇش، ئۆشرە-زاكات بېرىش ھەم ھەر خىل دىنىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇنداق تاشقى تەقۋادارلىق ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى يۇيالمايدۇ ھەم ئادەمنىڭ قەلبىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

# ئادەملەرنىڭ مەسىلىسىگە قارىتا خۇدانىڭ بەرگەن جاۋابى

خۇدا بىزنىڭ مەسىلەلىرىمىزنى بىزدىن ئوبدان بىلىدۇ. خۇدا يەنە بىزنىڭ مەسىلىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ھەل قىلالمايدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا جاۋابى بار.

ئۇنداقتا خۇدانىڭ جاۋابى زادى نېمە؟ خۇدانىڭ جاۋابى دەل ئۇنىڭ يېگانە ئوغلى ھەزرىتى ئەيسادۇر. «ئەيسا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «قۇتقۇزغۇچى خۇدا» دېگەنلىكتۇر. ئۇ بىزنى قۇتقۇزىدىغان قۇتقۇزغۇچىدۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

> «...ئەرشتىكى ئاتىمىز ئۆز ئوغلى ئەيسانى بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى...» (ئىنجىل:«يۇھاننا يازغان 1-خەت» 4-باب 14-ئايەت)

كېيىنكى ئۈچ دەرستە بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆگىنىمىز.

---

## بايقالغان ھەقىقەت

## خۇدانىڭ بىزنىڭ مەسىلىلىرىمىزگە قارىتا بەرگەن جاۋابى ئۇنىڭ يېگانە ئوغلى ھەزرىتى ئەيسادۇر.

---

## پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

ئادەملەرنىڭ مەسىلىسىگە قارىتا خۇدانىڭ بەرگەن جاۋابى:

«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3-باب 10-ئايەتتىن 26-ئايەتكىچە

«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب




# ئون پەرمان

## ئۈچىنچى پەرمان

«رەببىڭلار بولغان خۇدانىڭ ئىسمىنى قالايمىقان تىلغا ئالماڭلار» (تەۋرات:«مىسىردىن چىقىش كىتابى» 20_باب 7_ئايەت)

خۇدانىڭ ئىسمىنى قالايمىقان تىلغا ئېلىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇنىڭ مەنىسى كەلسە_كەلمەس، خالىغانچە پوزتسىيە بىلەن خۇدانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش، ياكى خۇدانىڭ نامىدا قەسەم ئىچىش ۋە ياكى خۇدانىڭ نامى بىلەن باشقىلارنى قارغاشنى كۆرسىتىدۇ. خۇدا ناھايىتى ئۇلۇغ، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ شۇنداق. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئۇنىڭ ئىسمى مۇقەددەس بولغاچقا ئەيمىنىشكە تېگىشلىك». («زەبۇر» 111_باب 9_ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«. ..ئىھ! ئاتا سېنىڭ ئىسمىڭ مۇقەددەس بولغاي». (ئىنجىل:«لۇقا» 11_باب 2_ئايەت)

خۇدا ئۆز ئىسمىنى ئادەملەرنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىشىگە يول قويمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆز دۆلىتىنىڭ بايرىقىغا ھۆرمەتسىزلىك بىلدۈرسە، بۇ بىر ئېغىر جىنايەت بولىدۇ. پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خۇداغا ھۆرمەتسىزلىك بىلدۈرسەك، بۇ تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر! بىز خۇداغا ھۆرمەتسىزلىك قىلساق خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىگە ئوخشاپ قالىمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«...سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ نامىڭنى قالايمىقان تىلغا ئالىدۇ». («زەبۇر» 139_باب 20_ئايەت)

بەزىلەر باشقىلارنى قارغىغاندا ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلىدۇر، ئۇنىڭ ئىسمىنى كەلسە-كەلمەس ئېغىزغا ئېلىش نېمە دېگەن چوڭ گۇناھ-ھە! بەزى ئادەملەر خۇدانىڭ ئىسمىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن «مېنىڭ يامان غەرىزىم يوق» دەيدۇ. لېكىن، خۇدا ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىمايدۇ. مۇنداق بىر مىسالنى ئالايلى، مەسىلەن، مەن بىر ئادەمنىڭ سائىتىنى ئوغرىلاپ ئۇنى سېتىۋەتتىم ۋە ئۇ پۇلنىمۇ خەجلەپ تۈگىتىۋەتتىم. كېيىن ئۇ ئادەم مېنىڭ ئۇنىڭ سائىتىنى ئوغۇرلىۋالغىنىمنى بىلىۋالدى. مەن ئۇنىڭغا: «سائىتىڭنى مەن ئوغرىلاپ سېتىۋەتتىم، پۇللىرىنىمۇ خەجلەپ بولدۇم، لېكىن مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمدا ھېچقانداق يامان غەرىزىم يوق» دېسەم، مېنىڭ بۇنداق سۆزلىرىمنى ئۇ ئادەم قوبۇل قىلالمايدۇ. مۇشۇ بىر ئاددىي مىسالغا ئوخشاش خۇدامۇ بىزنىڭ ئۇنداق پوزىتسىيەلىرىمىزنى قوبۇل قىلالمايدۇ. چوقۇم بىر كۈنى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەربىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن خۇداغا جاۋاب بېرىمىز. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ئادەملەر ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆزى ئۈچۈن سوراق كۈنى ھېساب بېرىدۇ». (ئىنجىل:«ماتتا» 12-باب 36-ئايەت)

بەزى ئادەملەر «قەسەم بېرىش بىزنىڭ ئادىتىمىز» دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ خۇدانى ئۇزۇن مۇددەت ھۆرمەتلىمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. خۇدا بۇنداق باھانە-سەۋەبنى قوبۇل قىلالامدۇ؟ ئەلۋەتتە قوبۇل قىلالمايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«... خۇدانىڭ ئىسمىنى قالايمىقان تىلغا ئالغانلارنى خۇدا ھەرگىزمۇ گۇناھسىز دەپ قارىمايدۇ». (تەۋرات: «مىسىردىن چىقىش كىتابى» 20-باب 7-ئايەت)

قارغاش بىلەن قەسەم ئىچىشنى تۈگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى خۇدانى پۈتۈن ۋۇجۇد بىلەن سۆيۈشتۇر. ئەگەر سىز خۇدانى سۆيسىڭىز، ئۇنىڭ نامىغا داغ كەلتۈرمەيسىز. داۋۇت ئىسرائىلىيەدە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ پادىشاھ بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

« ئاھ خۇدا، مېنىڭ قورام تېشىم، مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىم، مېنىڭ ئېغىزىمدىن چىققان سۆزلىرىم ۋە قەلبىمدىكى نىيەتلىرىم سېنى خۇشال قىلىدىغان بولسۇن». («زەبۇر» 19-باب 14-ئايەت)

# «مۇقەددەس كىتاب» نېمىنى ئۆگىتىدۇ؟

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە ئادەملەرنىڭ گۇناھ ئىچىدە پۈتۈنلەي ئەسكىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ۋە خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئادەملەرنى تەل-تۆكۈس قۇتقۇزۇدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە بىزگە ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىپ خۇدادىن ئايرىلىپ گۇناھقا پېتىپ قالغانلىقى ۋە خۇدانىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ يېگانە ئوغلىنى بىزنىڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن «قۇربان بولۇشقا» ئەۋەتكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بېرىدۇ. خۇدا بىزگە ھەقىقەتنى بىلسۇن، تونۇسۇن دەپ بۇ ئاجايىپ كىتابنى ئىلتىپات قىلدى. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە ئادەم، گۇناھ، شەيتان، قۇتقۇزۇلۇش ۋە خۇدا توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئۇقتۇرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» مۇھەببەتكە تولغان مەكتۇپلاردۇر. خۇدا بىزنى سۆيىدۇ ھەم بىزنىڭ مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى رەب دەپ ئىشىنىپ ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەچكە، ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.




# «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ باش تېمىسى نېمە؟

«مۇقەددەس كىتاب»نىڭ باش تېمىسى - رەب ئەيسا مەسىھ. «كونا ئەھدە»دىكى نۇرغۇنلىغان ۋەھىلەر، ئالدىن بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئىنسانلارغا قۇتقۇزغۇچىنى ئەۋەتىدىغانلىقى توغرۇلۇق يېزىلغان. بۇ بىشارەت ۋە ۋەھىلەر ھەزرىتى ئەيسادا تولۇق نامايەن بولدى. ئۇ ئۆزىمۇ مۇنداق دەيدۇ:

> «مۇسا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا ھەم زەبۇردا خاتىرىلەنگەن ماڭا ئائىت سۆزلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ». (ئىنجىل: «لۇقا» 24-باب 44-ئايەت)

«يېڭى ئەھدە»دىكى ئالدىنقى تۆت كىتاب «خۇش خەۋەر كىتابلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىر كىتاب ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتىنى خاتىرىلىگەن. بۇ «خۇش خەۋەر كىتابلىرى» ئارقىلىق خۇدا بىزگە ئۆزىنىڭ يېگانە ئوغلىغا ئائىت تۆت پارچە «سۈرئەت» نى ئاتا قىلدى. «ماتتا» ھەزرىتى ئەيسانى «يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتايدۇ، ئۇ يەنە «كونا ئەھدە»دىكى كۆپلىگەن ئايەتلەرنى مىسالغا ئېلىپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەقىقەتەنمۇ خۇدا ئۆز پۇقرالىرىغا ئەۋەتىشكە ۋەدە بەرگەن قۇتقۇزغۇچى رەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «ماركۇس» بولسا ھەزرىتى ئەيسانى «نەمۇنىلىك خىزماتكار» دەپ ئاتايدۇ. «لۇقا» بولسا ئۇنى «ئىنسان ئوغلى» دەپ ئاتايدۇ. «يۇھاننا» بولسا «خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك ئوغلى» دەپ ئاتايدۇ.



(«مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئەڭ چوڭ تېما ئەيسا مەسىھدۇر)

ئەگەر سىز «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇپ باقمىغان بولسىڭىز ھازىردىن باشلاپ ئوقۇڭ. ئالدى بىلەن «يۇھاننا» كىتابىدىن باشلاپ ئوقۇڭ، چۈنكى بۇ كىتابنىڭ باش تېمىسى «ئىشەنچ» يەنى ئېتىقادتۇر. سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا «ئېتىقاد» دېگەن سۆزنىڭ قانچە قېتىم تىلغا ئېلىنغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. چۈنكى، ئاپتورنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقستى بىزنى خۇدانىڭ ئوغلى ــ ھەزرىتى ئەيساغا ئىشەندۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق بىزنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشتۇر. مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى يۇھاننا مۇنداق دەيدۇ:

> «بۇ خاتىرىلەر سىلەرنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى ـ مەسىھ، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلسۇن ھەمدە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نامى بىلەن ھاياتلىققا ئېرىشسۇن دەپ يېزىلغان». (ئىنجىل:«يۇھاننا» 20ـ باب 31ـ ئايەت)

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. ئادەمئاتا خۇداغا قارشى چىققان( )
(1) شۇ كۈنى ئۇ تەن جەھەتتە ئۆلدى.
(2) شۇ كۈنى ئۇ روھىي جەھەتتە ئۆلدى.
(3) شۇ كۈنى ئۇ خۇشال بولماي قالدى.

2. روھىي جەھەتتە ئۆلۈش دېگەنلىك( )
(1) ئۆز خۇشاللىقىدىن مەھرۇم بولۇشتۇر.
(2) گۇناھكار جىنايەتچى بولۇپ قېلىشتۇر.
(3) خۇدادىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر.

3. ئادەمئاتىنىڭ گۇناھى يەنى ئىتائەتسىزلىكى .....( ) تەسىر قىلىدۇ.
(1) ئادەمئاتىنىڭ ئۆزىگە.
(2) ئادەمئاتا ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە.
(3) پۈتۈن ئىنسانلارغا.

4. ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئېھتىياجلارنىڭ بىرى بولسا ( )
(1) ئۆزىنىڭ قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلىش.
(2) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش.
(3) كۆپ پۇل تېپىش.

5. نېمىنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە( )
(1) باشقىلاردىن ئۇلارنىڭ گۇناھقا بولغان كۆز قارىشىنى سوراش.
(2) ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە پىكىرىگە تايىنىش.
(3) خۇدانىڭ سۆزلىرىدىكى گۇناھقا بولغان كۆز قاراشلارغا قاراش.

6. گۇناھنىڭ مەنبەسى بولسا( )
(1) ئادەمنىڭ گۇناھقا تولغان مۇھىت ئىچىدە ياشىغانلىقى.
(2) ئادەمنىڭ ئۆزى، يەنى ئادەمنىڭ توغرا يولدىن چەتنىگەن گۇناھكار تەبىئىتى.
(3) باشقىلارنىڭ بىزگە تۇتقان پوزىتسىيەسى.

7. قانداق قىلغاندا بىز ئۆز قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئېھتىياجنى قاندۇرالايمىز( )

(1) پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارغا ئىگە بولۇش بىلەن.

(2) پەقەتلا خۇدانىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزدە تۇرىشى بىلەن.

(3) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن.

8. بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز بولغان شەيتان( )

(1) بارلىق ۋاستىلارنى قوللىنىپ بىزنى ۋەيران قىلماقچى.

(2) بىزگە ۋە بىزنىڭ قىلمىشىمىزغا ئانچە قىزىقمايدۇ.

(3) بىزنىڭ ئىخلاسمەن بولۇشىمىزنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسىدۇ.

9. خۇدانىڭ ئادەملەرنىڭ مەسىلىسگە بەرگەن جاۋابى بولسا ( )

(1) ئادەمگە تەسەللى بېرىدىغان دىن.

(2) ئۆزىنىڭ ئوغلى ـ رەب ئەيسا مەسىھ.

(3) باشقىلارغا خۇشال بولۇش ۋە نەتىجە قازىنىشقا ياردەم بېرىش.

10. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە خۇدانىڭ ئىسمىنى قالايمىقان تىلغا ئېلىش بولسا ( ) دەپ ئېيتىپ بېرىدۇ.

(1) خۇدا سەل قارىيالمايدىغان گۇناھ.

(2) ھېچقىسى يوق، پەقەت مەندە يامان نىيەت بولمىسلا.

(3) مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا خۇدا قوبۇل قىلالايدۇ.

## بۇ دەرستە سىز ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت نېمە؟

________________________________________

________________________________________

________________________________________

# تۆتىنچى دەرس

## ھەزرىتى ئەيسا راستىنلا خۇدامۇ؟



«ھەممەيلەنگە مەلۇمكى بىز ئېتىقاد قىلىۋاتقان ھەقىقەتنىڭ سىرى چوڭقۇردۇر. ئەيسا مەسىھ ئىنسان قىياپىتىدە ئايان بولدى...». (ئىنجىل «تىموتىيغا يېزىلغان 1-خەت» 3-باب 16-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە ھەقىقىي ھايات خۇدانىڭ ئىلگىرى ئادەملەر ئارىسىغا كېلىپ ئادەملەر بىلەن بىللە ياشىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئىلگىرى بۇ دۇنيادا ياشىغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا پەقەت بىرلا كىشى ھەم خۇدا ھەم ئادەم دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەم خۇدا ھەم ئادەم بولغان كىشى زادى كىم؟ بۇ كىشى ھەزرىتى ئەيسادۇر. ھەزرىتى ئەيسا باشقا ئادەملەر بىلەن كۆپ جەھەتتە پەرقلىق:

1. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ئالاھىدە.
2. ئۇ گۇناھسىز ھايات كەچۈرگەن.
3. ئۇ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغان.
4. ئۇ ئادەملەرگە خۇدانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.
5. ئۇ باشقا ئادەملەرنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلغان.

بىز يۇقىرىقى نۇقتىلار ئۈستىدە ئويلىنىدىغان بولساق، ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

# ھەزرىتى ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشى ئالاھىدە

بىز تۇغۇلغاندىن كېيىنلا ئاندىن بىزنىڭ ھاياتىمىز باشلىنىدۇ. ئەمما ھەزرىتى ئەيسا بىزگە ئوخشمايدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن باشلانغان ئەمەس. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ باشلىنىشى يوق. چۈنكى ئۇ خۇدا. بۇرۇن مەلۇم بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇ ئادەم بولۇپ بۇ دۇنيادا ياشىغان. ھەزرىتى ئەيسا تۇغۇلۇشتىن بىر نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى، خۇدا يەشايا پەيغەمبەرگە كۆرۈنۈپ مۇنداق دەيدۇ:«بىر كۈنى بىر ئالاھىدە بوۋاق دۇنياغا كېلىدۇ». يەشايا پەيغەمبەر يەنە مۇنداق يازىدۇ:

> «بىر بوۋاق بىز ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ. . . ئۇنىڭ ئىسمى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ يول باشلىغۇچى، ھەممىگە قادىر خۇدا. . . » (كونا ئەھدە«يەشايا»9-باب 6-ئايەت)



(ئۇنىڭ ئىسمى ھەممىگە قادىر خۇدا دەپ ئاتىلىدۇ)

بۇ ئايەتتىن بىز بۇ ئاجايىپ بوۋاقنىڭ «ھەممىگە قادىر خۇدا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ گەرچە خۇدا بولسىمۇ، لېكىن ئادەم شەكلىدە بۇ دۇنياغا كېلىپ، بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىز بولدى.

قۇتقۇزغۇچى رەبنىڭ كېلىشى توغرۇلۇق خۇدا ئالاھىدە بىر بەلگە بەردى. خۇدا ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ باشقىلارغا ئوخشمايدىغانلىقىنى يەنى ئۇنىڭ بىر پاك قىزدىن تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇنىڭ مەنىسى ئۇ بىر پاك، تېخى توي قىلمىغان قىزدىن تۇغۇلىدۇ دېگەنلىك. يەشايا پەيغەمبەر مۇنداق يازىدۇ:

> «شۇ سەۋەبتىن خۇدا سىلەرگە بىر بېشارەت بېرىدۇ، بىر پاك قىز ھامىلىدار بولىدۇ، تۇغۇلغان بالىغا ئىمانۇئىل دەپ ئىسىم قويۇلىدۇ».( كونا ئەھدە«يەشايا»7-باب 14-ئايەت)

«ئىمانۇئىل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «خۇدا بىز بىلەن بىللە» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىز بۇ بوۋاقنىڭ ئادەتتىكى بوۋاق ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ خۇدا بولۇپ بىز بىلەن بىرگە ياشىدى.

خۇدانىڭ پۇقرالىرى خۇدا ۋەدە بەرگەن قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشىنى 700 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تەشنالىق بىلەن كۈتتى. بىر كۈنى، بىر پەرىشتە مەريەم ئىسىملىك بىر پاك قىزغا كۆرۈندى. مەريەم پەرىشتىنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىدۇ، ئەمما پەرىشتە بولسا ئۇنىڭغا:

«. . . مەريەم قورقمىغىن. سەن خۇدانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشتىڭ. ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىسەن، ئىسمىنى ئەيسا (يەنى «قۇتقۇزغۇچى خۇدا») قويغىن»دېدى.
(ئىنجىل:«لۇقا» 1-باب 30-، 31-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا خۇددى پەيغەمبەرلەر ئالدىن ئېيتقاندەك بىر پاك قىزدىن تۇغۇلدى. بىر پەرىشتە بۇ زور خۇش خەۋەرنى پادىچىلارغا يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى:

«. . . قورقماڭلار! مەن سىلەرگە پۈتۈن خالايىقنى خۇشال قىلىدىغان بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزىمەن. بۈگۈن پادىشاھ داۋۇتنىڭ يۇرتى بەيتلەھەم شەھىرىدە قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ دۇنياغا كەلدى!» (ئىنجىل «لۇقا» 2-باب 10-، 11-ئايەت)



( پەرىشتە ھەزرىتى ئەيسانىڭ تۇغۇلغانلىقىنى جاكارلىدى)

«مۇقەددەس كىتاب»تا ھەزرىتى ئەيسانىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئائىت كۆپ ئىشلار خاتىرىلەنمىگەن. بۇ بالا توغرۇلۇق پەقەت «ھەزرىتى ئەيسا چوڭ بولغانسېرى ساغلام ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇپ يېتىشتى. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىمۇ ئۇنىڭغا يار بولۇپ كەلدى» دېگەن سۆزلەر تىلغا ئېلىنغان. (ئىنجىل:«لۇقا» 2-باب 40-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا 30 ياشقا كىرگەندە، ئۆزىنىڭ خۇش خەۋەر تارقىتىش خىزمىتىنى باشلىغان. ئۇ بىر كەنتتىن يەنە بىر كەنتكە بېرىپ، پۈتۈن يۇرتنى ئارىلاپ، خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى باشقىلارغا يەتكۈزدى.

«خۇدانىڭ روھى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا. شۇڭا، ئۇ مېنى كەمبەغەللەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە تاللىدى. ئۇ مېنى تۇتقۇنلارغا: (ئازاد بولىسىلەر!) دەپ، قارىغۇلارغا: (كۆرەلەيدىغان بولىسىلەر!) دەپ جاكارلاشقا ئەۋەتتى. خۇدا مېنى ئېزىلگەنلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشكە، خۇدانىڭ خەلقىنى ئازاد قىلىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشقا ئەۋەتتى». (ئىنجىل:«لۇقا» 4-باب 18-، 19-ئايەت)

## ھەزرىتى ئەيسا گۇناھسىز ھايات كەچۈردى

ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغان باشقا ئادەملەردىن تۈپ پەرقى شۇكى: ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنىڭدىن گۇناھ تېپىشقا ئامالسىز قالغان. ھەزرىتى ئەيسا خۇددى سىزگە ۋە ماڭا ئوخشاش بىر ئادەم، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ھەرقايسى جەھەتلەردىن سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقاچان گۇناھ قىلىپ باقمىغان. «مۇقەددەس كىتاب» ھەزرىتى ئەيسا توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«. . . بىزگە ئوخشاش ئۇمۇ ھەممە ئىشلاردا ئازدۇرۇلۇشلارغا ئۇچرىغان، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن گۇناھ قىلىپ باقمىغان». (ئىنجىل:«ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 4-باب 15-ئايەت)

## ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىدى

ھەزرىتى ئەيسادىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك بولسا ئۇ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىدى. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاتام ئىككىمىز ئەسلىدە بىرمىز!» ( ئىنجىل «يۇھاننا» 10-باب 30-ئايەت)

ئەگەر بىز دۇنيادىكى ھەممە دىنلارنىڭ دىنىي يېتەكچىلىرىنىڭ تەرجىمالىنى ياخشى ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنىڭمۇ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىمىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەگەر بىز تارىخنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ چىقساق، پەقەت بىرلا كىشىنىڭ ئۆزىنى ئەستايىدىللىق بىلەن خۇدا دەپ

ئاتىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ كىشى دەل ھەزرىتى ئەيسادۇر. ئۇ دادىللىق بىلەن مۇنداق جاكارلايدۇ:

«...مېنى كۆرگەن كىشى ئاتام خۇدانى كۆرگەن بولىدۇ».
(ئىنجىل: «يۇھاننا» 14-باب 9-ئايەت)

# ھەزرىتى ئەيسا بىزگە خۇدانىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ

بىزنىڭ خۇدانىڭ قانداقلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى خۇدا ئۆز ئوغلى ئارقىلىق ئۆزىنى بىزگە ئاشكارا قىلدى. ھەزرىتى ئەيسا بۇ دۇنياغا كېلىپ بىزگە خۇدا توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى ۋە خۇدانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزى ئارقىلىق نامايەن قىلىپ بەردى. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇدانى ھېچكىم كۆرۈپ باققان ئەمەس. بىراق ئاتىمىز خۇدانىڭ قوينىدىكى بىردىنبىر يېگانە ئوغۇل، شۇنداقلا ئۆزى خۇدا بولغان ئەيسا مەسىھ ئۇنى بىزگە بىلدۈردى».
(ئىنجىل:«يۇھاننا» 1-باب 18-ئايەت)

بۇ ئايەت بىزگە ھېچقانداق ئادەمنىڭ خۇدانى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، ئەمما ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ خۇدانى بىزگە نامايەن قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا دۇنياغا كېلىپ، خۇدانىڭ گۇناھكار كىشىلەرنى سۆيىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى گۇناھتىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بىر قېتىم بىر نەچچە دىنىي ئۆلىمالار زىنا قىلغان بىر ئايالنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«...ئۇستاز، بۇ ئايال زىنا ئۈستىدە تۇتۇۋېلىندى. مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتىكى قانۇندا زىنا قىلغان ئاياللارنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇغان. سىزچە قانداق قىلىش كېرەك؟»

ئۇلارنىڭ بۇنداق سوئالنى سورىشىدىكى مەقسىتى ھەزرىتى ئەيسانى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئىدى. چۈنكى، ئەگەر ئەيسا: «چالما-كېسەك قىلماڭلار» دېسە، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتى؛ ئەگەر«ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېسە، رىم ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتى.

ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارنىڭ سورىغان سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمەي، ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ يەرگە خەت جىجىلاشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ سوئالنى توختىماي سوراۋەرگەچكە، ھەزرىتى ئەيسا ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئاراڭلاردا گۇناھسىز كىشى بۇ ئايالغا بىرىنچى تاشنى ئاتسۇن!» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ، چوڭدىن تارتىپ كىچىككىچە بىربىرلەپ كېتىپ قېلىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ھەزرىتى ئەيسا بىلەن ھېلىقى ئاياللا قالدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇ ئايالغا: «خانىم، ئۇلار قېنى؟ سىزنى سوراققا تارتىدىغان ئادەم چىقمىدىمۇ؟» دېدى. ئۇ ئايال جاۋاب بېرىپ: «چىقمىدى، ھەزرەتلىرى» دېدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇ ئايالغا يەنە: «مەنمۇ سىزنى سوراق قىلمايمەن. قايتىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن گۇناھ قىلماڭ» دېدى. (ئىنجىل: «يۇھاننا» 8-باب 3-ئايەتتىن 11- ئايەتكىچە)



( ھەزرىتى ئەيسا خۇدا گۇناھكار كىشىلەرنى سۆيىدۇ دېدى)

بىزنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىشتىن قورقۇشىمىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ھەزرىتى ئەيسا كىچىك باللارنى سۆيىدۇ ھەم ئۇلارنى ئۆز قۇچىقىغا ئالىدۇ. ئۇ زىنا قىلغان ئايالنى كەچۈرۈم قىلدى. ئۇ «گۇناھكار كىشىلەرنىڭ دوستى»، ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا تەلپۈنۈشىمىزنى قارشى ئالىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«...مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنلەرنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيمەن». (ئىنجىل:«يۇھاننا» 6-باب 37-ئايەت)

# ھەزرىتى ئەيسا ئادەملەرنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلدى

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى.



( بوران ۋە دېڭىز دولقۇنلىرىمۇ ھەزرىتى ئەيساغا بويسۇندى )

## • ھەزرىتى ئەيسا تەبىئەت ھادىسىلىرىنى يېڭىش قۇدرىتىگە ئىگە

بىر قېتىم ھەزرىتى ئەيسا ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن بىللە كېمىگە ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئۇخلاپ قالغان چاغدا دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كېمىنىڭ ئۆڭتۈرلۈپ ئۆزلىرىنىڭ ھالاك بولۇشىدىن قورقۇشۇپ كېتىدۇ ۋە ھەزرىتى ئەيسانى ئويغىتىپ: «ئىھ، رەببىم! بىزنى قۇتقۇزۇڭ، ھالاك بولۇپ كېتىدىغان بولدۇق!» دەپ يالۋۇرىشىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا بوران ۋە دېڭىز دولقۇنىغا: «توختاپ قالغىن!» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن بوران ۋە دېڭىز دولقۇنلىرى توختاپ، پۈتۈنلەي تىپ-تىنىچلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇ ئىشتىن ئەجەپلىنىپ: «بۇ زادى قانداق ئادەم؟ نېمە ئۈچۈن بوران بىلەن دېڭىز دولقۇنلىرىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ؟» دەپ ھەيران قىلىشىدۇ.

## • ھەزرىتى ئەيسا يامان روھتىن غالىب كېلىش قۇدرىتىگە ئىگە

يامان روھ شەيتاننىڭ قۇلى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئادەملەرنىڭ قەلبىگە كىرىپ، ئادەملەرنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولغان يامان ئىشلارنى قىلغۇزىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا يامان روھقا بۇيرۇق بەرگەندە، يامان روھ ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ. بۇ ئىشنى كۆرگەن كىشىلەر ئىنتايىن ھەيران بولۇشۇپ:

> «ئۇنىڭ سۆزلىرى نېمىدېگەن كۈچلۈك! ئۇ دەرۋەقە جىنلارغا بۇيرۇق قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەن! جىنلار راستتىنلا چىقىپ كەتتى!» دېيىشتى. ( ئىنجىل«لۇقا» 4-باب 36-ئايەت)

## • ھەزرىتى ئەيسا ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتىش قۇدرىتىگە ئىگە

ھەزرىتى ئەيسا قارىغۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى، گاسلارنى ئاڭلىيالايدىغان قىلدى ۋە پالەچ كىشلەرنى ماڭالايدىغان قىلدى. قىسقىسى ئۇ ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتتى. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«كۈن پېتىش ۋاقتىدا، كىشلەر ھەر خىل كېسەللەرنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا قولىنى بىر-بىرلەپ تەككۈزۈپ قويغانىدى، ئۇلار ساقىيىپ كەتتى». ( ئىنجىل«لۇقا» 4-باب 40-ئايەت)

## • ھەزرىتى ئەيسا ئۆلۈمدىن غالىب كېلىش قۇدرىتىگە ئىگە

ھەزرىتى ئەيسا ئۈچ ئادەمنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈردى. بىر قېتىم ھەزرىتى ئەيسا نائىن دېگەن شەھەردىن چىقىۋاتقان بىر توپ ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇ. ئەسلىدە بىر يىگىت قازا تاپقان بولۇپ، بۇ كىشلەر مىيتنى دەپنە قىلغىلى مېڭىشقانىدى. ئۆلگۈچى بىر تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ئانىسى بالىسى ئۈچۈن ھازا تۇتۇپ يىغلاپ ماڭغانىدى.

ھەزرىتى ئەيسا ئۇ ئايالنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ يىغلىماسلىقىنى ئېيتتى ۋە مىيتقا قاراپ: «يىگىت ئورنۇڭدىن تۇر!» دېدى.



( ھەزرىتى ئەيسا ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى)

ھەزرىتى ئەيسا گېپىنى تۈگىتىش بىلەنلا ھېلىقى ئۆلۈپ قالغان يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، گەپ قىلىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئەيسا بۇ يىگىتنى ئانىسغا تاپشۇرۇپ بەردى.

# ھەزرىتى ئەيسا «خۇدانىڭ تەندە ئاشكارىلىنىشى»دۇر

ھەزرىتى ئەيسا ئادەملەر قىلىشقا قادىر بولمىغان ناھايىتى كۆپ مۆجىزىلەرنى قىلدى. بۇ مۆجىزىلەر نېمىنى ئىسپاتلايدۇ؟ بۇ مۆجىزىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ! ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئاتامدا، ئاتام مەندە دېگىنىمگە ئىشىنىڭلار. ھېچ بولمىغاندا، مېنىڭ ئەمەلىيەتلىرىمدىن ماڭا ئىشىنىڭلار».
(ئىنجىل:«يۇھاننا» 14-باب 11-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا «ھەم خۇدا ھەم ئادەم» دۇر. بۇنداق ئاتاش ھەزرىتى ئەيساغا تولىمۇ مۇۋاپىقتۇر. چۈنكى، ئۇ ھەقىقەتەن خۇدا ھەم يەنە ھەقىقەتەن ئادەمدۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەممەيلەنگە مەلۇمكى بىز ئېتىقاد قىلىۋاتقان ھەقىقەتنىڭ سىرى چوڭقۇردۇر. ئەيسا مەسىھ ئىنسان قىياپىتىدە ئايان بولدى» ( ئىنجىل«تىموتىيغا يېزىلغان 1-خەت» 3-باب 16-ئايەت)

# ھەزرىتى ئەيسا بىزگە ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى

ھەزرىتى ئەيسا خۇدا بولغاچقا ئۇ ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى راستتۇر. ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرى دەل خۇدانىڭ گەپلىرىدۇر. ئۇ خۇدا بولغاچقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىزگە ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

ھەزرىتى ئەيسا بىزگە ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەپ بېرىدۇ:

بەدەن ئۆلگەندىن كېيىن روھ يەنە داۋاملىق تىرىك تۇرىدۇ. بىز كەلگۈسىدە بۇ دۇنياغا ھەرگىزمۇ باشقا بىر قىياپەت بىلەن كەلمەيمىز، بىز مەڭگۈ ھازىرقى پەيتىمىز بويىچە تۇرىمىز. شۇنداق بىر كۈن كېلىدىكى، بىزنىڭ بەدىنىمىز ئۆلۈمدىن تىرىلىپ، روھىمىز بىلەن قايتا بىرلىشىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىز ياكى جەننەتتە ياكى دوزاقتا مەڭگۈ ياشايمىز.

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە يەنە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىپ سوراققا ئۇچرايدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ. رەببىمىز بولغان ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«بىلىپ قويۇڭلاركى، روھى ئۆلۈكلەرنىڭ خۇدانىڭ
ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان ۋاقىت-سائىتى يېتىپ
كەلمەكتە، شۇنداقلا كېلىپ قالدىكى، ئاڭلاپ ئىشەنگەنلەر
ھاياتقا ئىگە بولىدۇ». (ئىنجىل«يۇھاننا» 5-باب
25-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ ئاخىرەت كۈنىنىڭ سوراقچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاتام ھېچكىمنى سوراققا تارتمايدۇ. ئەكسىچە، سوراققا
تارتىشنىڭ پۈتۈن ھوقوقىنى ئوغلىغا بەرگەندۇر. بۇنىڭدىن
مەقسەت، ئاتىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى
ھۆرمەتلىگىنىدەك، ئۆز ئوغلىنىمۇ شۇنداق ھۆرمەتلىشۈن
دېگەنلىكتۇر. ئوغلىنى ھۆرمەتلىمىگەنلەر، ئۇنى
ئەۋەتكۈچى ئاتىسىنىمۇ ھۆرمەتلىمىگەنلەردىن بولىدۇ».
(ئىنجىل:«يۇھاننا» 5-باب 22-، 23-ئايەت)



(سىز ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن سوراققا تارتىلىسىز)

ھەزرىتى ئەيسا بىزگە يەنە جەننەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپ، جەننەتنى «ئاتامنىڭ ئۆيى» دەپ ئاتايدۇ. جەننەت خۇدانىڭ ئۆيى، شۇنداقلا ئۇ يەنە ھەزرىتى ئەيسانى سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆيى. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاتام خۇدانىڭ دەرگاھىدا نۇرغۇن ئۆي-ماكانلار بار.
ئۇنداق بولمىسا، بۇنى سىلەرگە ئېيتىپ يۈرمىگەن بولاتتىم.
مەن ھەربىرىڭلارغا ئورۇن تەييارلاش ئۈچۈن شۇ يەرگە
كېتىپ بارىمەن. ئۇ يەرگە بېرىپ ئورۇن تەييارلىغاندىن
كېيىن، سىلەرنى ئۆزۈم بىلەن بىر يەردە قىلىش ئۈچۈن،
قايتا كېلىپ ئېلىپ كېتىمەن». ( ئىنجىل:«يۇھاننا»
14-باب 2-، 3-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ جەننەتكە بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى، شۇنىداقلا خۇدانىڭ قېشىغا بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ بىردىن بىر يولدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن، مېنىڭسىز
ھېچكىم ئاتام خۇدانىڭ يېنىغا بارالمايدۇ».
(ئىنجىل:«يۇھاننا» 14ـباب 6ـئايەت)



«مەن سىلەرگە ئورۇن ھازىرلاش ئۈچۈن بارىمەن»
(ئىنجىل: «يۇھاننا» 14ـباب 2ـ يەت)

ھەزرىتى ئەيسا يەنە دوزاقنىڭمۇ ھەقىقىي بىر جاي ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇ دوزاقنى جەننەتتىن كۆپرەك تىلغا ئالىدۇ. دوزاق خۇداغا قارشى چىققان ۋە خۇداغا ئىتائەت قىلمىغان كىشىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرار جايى. ھەزرىتى ئەيسا دوزاقنى «مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئوت دىڭىزى» دەپ ئاتايدۇ.

## ھەزرىتى ئەيسا بىزنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىدۇ

بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ تەلىملىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ بىر ئىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ: ئۇنىڭ بىزنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىرىشىدۇر. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«كۆڭلۈڭلارنى بىئارام قىلماڭلار! خۇداغا ئېتىقاد قىلىڭلار،
ماڭىمۇ ئېتىقاد قىلىڭلار». (ئىنجىل:«يۇھاننا» 14ـباب
1ـئايەت)




(ماڭا ئېتىقاد قىلغانلار مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئاللىقاچان ئېرىشكەن بولىدۇ)

بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزى خۇدادۇر. ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئارقىلىق بىز مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيمىز. رەببىمىز بولغان ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«بىلىپ قويۇڭلاركى، ماڭا ئېتىقاد قىلغانلار مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئاللىقاچان ئېرىشكەن بولىدۇ». (ئىنجىل:«يۇھاننا» 6ـباب 47ـئايەت)

بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنىڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«مىستىن ياسالغان يىلان مۇسا پەيغەمبەر تەرىپىدىن چۆلدە ئۆلگىلى تاس قالغانلارنىڭ قۇتۇلدۇرۇلۇشى ئۈچۈن لىمدا ئېگىز كۆتۈرۈلگىنىدەك، ئىنسانئوغلى بولغان مەنمۇ شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈلۈشۈم كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ماڭا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ». (ئىنجىل: «يۇھاننا» 3ـباب 14ـ، 15ـئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تىلغا ئېلىپ، بىزنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىمىزنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەنە مۇقەددەس روھنىڭ كېلىشىنىمۇ تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ كەلگەندە، بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرىگە گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ھەققانىيلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە تاڭلا قىيامەتتە سوراقتا تارتىلىشنىڭ جەزمەن بولىدىغانلىقىنى كەسكىن كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھى ماڭا ئېتىقاد قىلماسلىقتۇر». (ئىنجىل:«يۇھاننا» 16ـباب 8ـ، 9ـئايەت)

بىزنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھىمىز ھەزرىتى ئەيساغا ئىشەنمىگەنلىكىمىزدۇر. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزى بىلەن بىر زاماندا ياشىغان يەھۇدىيلارغا مۇنداق دەيدۇ:

«...ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئاشۇ ۋەدە قىلىنغان قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىسەڭلار، ئۆز گۇناھىڭلار ئىچىدە ھالاك بولۇپ تۈگىشىسىلەر».

دېمەك، ھەزرىتى ئەيساغا ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىك بىلەن بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىمىز بەلگىلىنىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا بويسۇنمىغان كىشى مەڭگۈلۈك ھاياتنى كۆرەلمىگەن بولىدۇ. خۇدانىڭ غەزىپى مانا شۇنداقلاردىن مەڭگۈ نېرى بولمايدۇ».
(ئىنجىل:«يۇھاننا» 3-باب 36-ئايەت)

سەككىزىنچى دەرستە، بىز تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رەب ئەيساغا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق ئۆگىنىمىز. :ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزى خۇدا!

# بايقالغان ھەقىقەت

## ھەزرىتى ئەيسا راستىنلا خۇدادۇر!

### پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

«لۇقا»1-باب 26 __ 35
«لۇقا» 1-باب 1 __ 20
«يۇھاننا»1-باب 1 __14




# ئون پەرمان

## تۆتىنچى پەرمان

«دەم ئېلىش كۈنىنى خاتىرلەپ، ئۇ كۈنىنى مۇقەددەس كۈن قىلىڭلار». (تەۋرات: «مىسىردىن چىقىش كىتابى» 20-باب 8-ئايەت)

سىز توختىماي، دەم ئالماستىن ئەللىك كۈن خىزمەت قىلىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ سىز ئازراقمۇ دەم ئالماي ئۇدا ئۈچ ئاي مەكتەپكە بېرىشنى خالامسىز؟ مەن ئىشىنىمەنكى ھەممىڭلار«ياق، مەن ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن. مەن دەم ئېلىشقا موھتاج» دەپ جاۋاب بېرىسىلەر. ھەممىگە قادىر، مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان خۇدا بىز ئادەملەرنى ياراتتى ۋە بىزنىڭ تېنىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. خۇدا يەتتە كۈننىڭ ئىچىدىكى بىر كۈننى دەم ئالىدىغان يەنى خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان كۈن بولۇشى كېرەك دەپ بۇيرۇق بەردى. خۇدانىڭ بۇنداق قىلىشى پۈتۈنلەي ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىغانلىقىدىن بولغان. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ئادەم دەم ئېلىش كۈنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەم ئېلىش كۈنى ئادەم ئۈچۈن يارىتىلدى». (ئىنجىل:«ماركوس» 2-باب 27-ئايەت)

«مۇقەددەس كىتاب» بويىچە خۇدا ئالتە كۈن ئىچىدە ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى يارىتىپ بولۇپ، يەتتىنچى كۈنگە كەلگەندە دەم ئالدۇ. خۇدا يەتتىنچى كۈنگە بەخت ئاتا قىلىپ، ئۇ كۈننى دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتتى. خۇدا بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

«دەم ئېلىش كۈنىنى خاتىرلەپ، ئۇ كۈننى مۇقەددەس كۈن قىلىڭلار».

دەم ئېلىش كۈنىدە، خۇدا بىزنىڭ ھەممە خىزمەتلىرىمىزنى تاشلاپ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ كۈن ئارام ئالىدىغان كۈن بولماي، مۇقەددەس كۈن بولۇشى كېرەك. بىز باشقىلارنىڭ بۇ كۈندە خۇداغا ئىبادەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ھەزرىتى ئەيسا بىزگە مۇھىم ۋە جىددىي ئىشلارنى دەم ئېلىش كۈنىدە قىلساڭلارمۇ بولىدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئۇ ئۆزى يەنە دەم ئېلىش كۈنىدە كېسەللەرنى ساقايتىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىلغاچقا، دىنىي ئۆلىمالار ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. ئەمما ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: «دەم ئېلىش كۈنىدە باشقىلارغا شاپائەت قىلىش قانۇنغا ئۇيغۇن» ئۇ يەنە: «ئەگەر ئۇلارنىڭ قويى دەم ئېلىش كۈنىدە ئورىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلار چوقۇم تارتىپ چىققان بولاتتى» دەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

> «ئادەم قويدىن كۆپ قىممەتلىك، شۇڭا دەم ئېلىش كۈنىدە ياخشىلىق قىلىش قانۇنغا تامامەن ئۇيغۇن» ( ئىنجىل «ماتتا» 12ـ باب 12ـ ئايەت)

«كونا ئەھدە» زامانىسىدا، خۇدانىڭ پۇقرالىرى شەنبە كۈنى يەنى يەتتىنچى كۈننى دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتكەنىدى. «يېڭى ئەھدە» زامانىسىدا بولسا ئېتىقادچىلار يەكشەنبە كۈننى يەنى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىنى دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتتى. رەب ئەيسا ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى تىرىلگەن ھەم مۇشۇ كۈنى ئۆز ئېتىقادچىلىرىغا كۆرۈنگەن. شۇڭا ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئېتىقادچىلار يەكشەنبە كۈنى بىر يەرگە جەم بولۇپ خۇداغا ئىبادەت قىلىشقان. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «يەكشەنبە كۈنى، بىز بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھەزرىتى ئەيسانى خاتىرىلەش ئۈچۈن ناننى بۆلۈشمەكچى بولدۇق. . .» ( ئىنجىل «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 20ـ باب 7ـ ئايەت)

# خۇدا بىزنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»قا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىمىزنى خالايدۇ؟

خۇدا بىزنىڭ تۆت ئىشنى قىلىشىمىزنى خالايدۇ: (1) ھەر كۈنى «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇش؛ (2) «مۇقەددەس كىتاب»قا ئىشىنىش؛ (3) ئۇنىڭدىكى ئايەتلەرنى ئەستە چىڭ تۇتۇش؛ (4) «مۇقەددەس كىتاب»تىكى تەلىملەرگە رىئايە قىلىش. ئەمدى بىز بۇ تۆت نۇقتىنى ئايرىم ئايرىم تەھلىل قىلىپ باقايلى.

## (1) ھەر كۈنى «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇش

نېمە ئۈچۈن بىز ھەر كۈنى «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇيمىز؟ بىزنىڭ ھەر كۈنى «مۇقەددەس كىتاب» ئوقۇشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، خۇدا «مۇقەددەس كىتاب» ئارقىلىق بىزگە سۆزلەيدۇ ھەمدە يەنە «مۇقەددەس كىتاب» ئارقىلىق بىزنىڭ بىلىشىمىزگە ۋە قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىشلارنى بىزگە كۆرسىتىدۇ. ئوزۇقلۇق بىزنىڭ تېنىمىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولغاندەك، «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشمۇ بىزنىڭ روھىي ھاياتىمىزغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەگەر خۇدانىڭ سۆزلىرى بولمايدىكەن، بىز ھەقىقىي ئېتىقادچىغا خاس تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمىز. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئەيسا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

> «...ئادەملەر پەقەت يېمەكلىككە تايىنىپلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئېغىزىدىن چىققان بارلىق سۆزلىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ» ( ئىنجىل«لۇقا» 4-باب 4-ئايەت)

## (2) «مۇقەددەس كىتاب»قا ئىشىنىش

ئەگەر بىزدە ئىشەنچ بولمايدىكەن، بىز خۇدانى خۇشال قىلالمايمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «ئەگەر ئىشەنچ بولمىسا خۇدانى خۇشال قىلىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى...» ( ئىنجىل «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 11-باب 6-ئايەت)

ئۇنداقتا ئىشەنچ دېگەن نېمە؟ ئىشەنچ دېگىنىمىز خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش ۋە «مۇقەددەس كىتاب»قا ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر باشقىلار «مۇقەددەس كىتاب»تىن گۇمانلانسا، گۇمانلىنىۋەرسۇن. لېكىن سىز «مۇقەددەس

«كىتاب»نىڭ خۇدانىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشىنىڭ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئىھ، رەببىم! سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئاسماندا ئەبەدى ئەبەد تۇرىدۇ». («زەبۇر» 119-باب 89-ئايەت)

## (3) ئايەتلەرنى ئەستە چىڭ تۇتۇش

«مۇقەددەس كىتاب» «مۇقەددەس روھنىڭ شەمشىرى» دۇر. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بىز «مۇقەددەس كىتاب»نى قورال قىلىپ شەيتاننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالايمىز دېگەنلىكتۇر.




( «مۇقەددەس كىتاب» مۇقەددەس روھنىڭ شەمشىرى)
(ئىنجىل: «ئەفەسلىكلەر» 6-باب 7-ئايەت )

ھەزرىتى ئەيسا چۆل-باياۋاندا شەيتاننىڭ سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇ خۇدانىڭ سۆزلىرى بىلەن شەيتانغا تاقابىل تۇردى. ھەزرىتى ئەيسا ئايەتلەرنى پىششىق بىلگەچكە، ئۇ شۇ ئايەتلەر بىلەن شەيتانغا تاقابىل تۇرغان. ھەزرىتى ئەيسا ھەر قېتىم سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە: «خۇدا مۇنداق دېگەن» دەپ ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ ۋە ئاخىرىدا شەيتاننى مەغلۇپ قىلىدۇ.

ئەگەر بىز شەيتاننىڭ سىناقلىرىدىن چوقۇم غالىب كېلىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا خۇدانىڭ سۆزلىرىنى چوقۇم ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك. بۇ «خۇدانىڭ سۆزلىرىنى قەلبىمىزدە ساقلىغانلىق» بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«مەن سېنى رەنجىتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۆزلىرىڭنى قەلبىمدە چىڭ ساقلايمەن». («زەبۇر» 119-باب 11-ئايەت)

## (4) «مۇقەددەس كىتاب»تىكى تەلىملەرگە رىئايە قىلىش

«مۇقەددەس كىتاب» ئىشىنىشكە بولىدىغان ھەقىقەت، قوللىنىشقا بولىدىغان ۋەدە ۋە بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بۇيرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

> «مېنى رەببىم، رەببىم دېگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلمەيدۇ. پەقەت ئاسماندىكى ئاتامنىڭ ئىرادىسىغا بويسۇنغان ئادەملا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلەيدۇ». (ئىنجىل: «ماتتا» 7-باب 21-ئايەت)

خۇدا ئۆز سۆزلىرىدە سىز ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئېيتقان. سىز ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭ. خۇدا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان ئادەملەرگە بەخت ئاتا قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «... خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان كىشى ئۇنىڭدىنمۇ بەختلىك!». (ئىنجىل: «لۇقا» 11-باب 28-ئايەت)

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. ھەزرىتى ئەيسانىڭ باشقا ئادەملەر بىلەن بولغان پەرقى شۇ يەردىكى ( )
(1) ئۇ باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا كۆپ نەتىجە قازانغان.
(2) ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا كۆپ.
(3) ئۇ خۇدا، ھەم ئادەم.

2. ھەزرىتى ئەيسا تۇغۇلۇشىدىلا ئاجايىپ بوۋاق ئىدى، چۈنكى( )
(1) ئۇ پاك قىزدىن تۇغۇلغان.
(2) ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق بوۋاق ئىدى.
(3) ئۇنىڭ جىسمانىي تەنگە ئىگە ئانىسى يوق ئىدى.

3. ھەزرىتى ئەيسانىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ( )
(1) ئۇ باشقا ئادەملەردىن ئازراق گۇناھ ئۆتكۈزگەن.
(2) ئۇ بىز ئۇچرىغان سىناقلارغا ئۇچرىمىغان.
(3) ئۇ بىزگە ئوخشاشلا سىناقلارغا دۇچ كەلگەن، لېكىن ئۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان.

4. ئەگەر بىز تارىخ ئوقۇساق، شۇنى بايقايمىزكى ( )
(1) نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزلىرىنى خۇدا دەپ ئاتاشقان.
(2) پەقەتلا ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغان بىردىنبىر كىشى.
(3) ھېچقانداق ئادەم ئەزەلدىن ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتاپ باقمىغان.

5. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدۇ، چۈنكى( )
(1) ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى ساقايتقان.
(2) ئۇ خىلمۇ-خىل كېسەللەرنى ساقايتقان ھەتتا ئۈچ ئۆلۈكنىمۇ تىرىلدۇرگەن.
(3) ئۇ نۇرغۇنلىغان سېھىرگەرلىكنى قىلغان.

6. خۇدانىڭ قانداقلىقىنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بولسا ( )
(1) دىنىي ئۆلىمالاردىن خۇدانىڭ قانداقلىقىنى سوراش.
(2) خۇدانىڭ يارىتىش قۇدرىتىنى تەتقىق قىلىش.
(3) ھەزرىتى ئەيسانىڭ قانداقلىقىنى كۆزىتىش.

7. ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتلىق توغرىسىدا ھەزرىتى ئەيسا( ) دەپ تەلىم بېرىدۇ.
(1) ئۆلۈم ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى.
(2) بىز باشقا بىر قىياپەت بىلەن بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىمىز.
(3) بىز دوزاق ياكى جەننەتتە مەڭگۈ ياشايمىز.

8. بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ تەلىملىرىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ بىر ئىشنى تەكىتلىگەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ ( )
(1) بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەكلىكى.
(2) ئۇنىڭ تەلىملىرىگە تايىنىپ ياشىشىمىز كېرەكلىكى.
(3) ئەگەر جەننەتكە كىرىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەكلىكى.

9. بىزنىڭ ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھىمىز بولسا ( )
(1) قاتىللىق قىلىش.
(2) ھەزرىتى ئەيساغا ئىشەنمەسلىك.
(3) زىنا قىلىش.

10. تۆتىنچى پەرمان بىزگە يەتتە كۈن ئىچىدىكى بىر كۈننى ئاجرىتىپ ( ) قىلىش توغرۇلۇق تەلىم بېرىدۇ.
(1) ھوزۇر-ھالاۋەت.
(2) بىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلالمايدىغان بىر كۈن.
(3) دەم ئېلىش ۋە خۇداغا ئىبادەت.

## بۇ دەرستە سىز ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت نېمە؟

# بەشىنچى دەرس

# ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمى



«مانا بۇ پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى تۈگىتىش ئۈچۈن قۇربان قىلىنىدىغان خۇدانىڭ قوزىسىدۇر!» («يۇھاننا» 1-باب 29-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ۋاقىتتىن تارتىپلا، خۇدا ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىغا چوقۇم مەلۇم بىر نەرسىنىڭ گۇناھىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۆلۈشى كېرەكلىكى توغرىسىدا تەلىم بەرگەن . خۇدا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار ھالەتتە تۇرۇشىنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. خۇدا ئۇلارغا ئەگەر قان ئاققۇزۇلمىسا، گۇناھنىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«...ئەگەر قان ئاققۇزۇلمىسا، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ». («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 9-باب 22-ئايەت)

خۇدا ئۆز پۇقرالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن چوقۇم قۇربانلىق قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا تەلىم بەردى. كۆپ چاغلاردا قوزا قۇربانلىق قىلىناتتى. يەنى گۇناھسىز بىر قوزا ئادەمنىڭ گۇناھى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىناتتى. قوزا ئالدى بىلەن بوغۇزلىنىپ، ئاندىن نەزىر-چىراق سۇپىسىدا كۆيدۈرۈلەتتى. خۇدا ئۆز پۇقرالىرىغا ئەگەر قان ئاققۇزۇلمىسا، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت توغرىسىدا تەلىم بەردى.

ھايۋاننىڭ قېنى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئېلىپ تاشلىيالامدۇ؟ ياق! ھەرگىزمۇ ئېلىپ تاشلىيالمايدۇ. بۇ قۇربانلىق پەقەت مەسىھنىڭ كرېستتا ئۆلۈشىنىڭ ئالدىن بېشارىتىدۇر. خۇدا ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىغا بىر كۈنى قۇتقۇزغۇچى

مەسىھنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ خۇددى ئاشۇ گۇناھسىز قوزىغا ئوخشاش بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن كرېستا ئۆلۈپ، گۇناھلىرىمىزنىڭ قۇربانلىقى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ.



(«كونا ئەھدە»دىكى ھايۋانلارنىڭ خۇداغا نەزىر قىلىنىشى «يېڭى ئەھدە» دەۋرىدىكى رەب ئەيسانىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ)

گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى خالايدىغان ئادەم، چوقۇم قوزىدىن بىرىنى كاھىنىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشى ھەم قولىنى قوزىنىڭ بېشىغا قويۇپ، قوزا بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، قەلبىدە: «ئېھ خۇدا، مەن سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم، مەن ئەسلىدە گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلۈشىم كېرەك ئىدى، لېكىن مەن سىزنىڭ گۇناھىم ئۈچۈن بۇ قوزىنىڭ ئۆلۈشىگە ئىجازەت بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىمەن» دېيىشى كېرەك.

# ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ قوزىسى

خۇدانىڭ پۇقرالىرى بىر نەچچە مىڭ يىل خۇدانىڭ تاپشۇرىقى بويىچە قوزىنى قۇربانلىق قىلدى. ئۇلار ئىشەنچىسى بىلەن ئاشۇ ئىجازەت بېرىلگەن قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشىگە تەلپۈنەتتى. خۇدانىڭ ئىجازەت بەرگەن ۋاقتىدا،ئەيسا مەسىھ، يەنى خۇدانىڭ ئوغلى بۇ دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى ئاسماندىكى ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىدى. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئۆز ئىرادەمنى ئەمەس، مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەرشتىن چۈشتۈم».
(«يوھاننا» 6-باب 38-ئايەت)

ئاسماندىكى ئاتىنىڭ ئىرادىسى «خۇدانىڭ قوزىسى» بولغان رەب ئەيسانى بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلىدىغان قۇربانلىق قىلدى. چۆمۈلدۈرگۈچى

يەھيا ھەزرىتى ئەيسانى كۆرۈپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا:

«مانا بۇ پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى تۈگىتىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىدىغان خۇدانىڭ قوزىسىدۇر!» دېدى. («يۇھاننا» 1ـ باب 29ـ ئايەت)

## ● ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئالدىن ئېيتىشى

بىز ئۆزىمىزنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق شەكىلدە ئۆلىدىغانلىقىمىزنى ئالدىن بىلەلمەيمىز. لېكىن ھەزرىتى ئەيسا قاچان، قەيەردە ھەم قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ھەم ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ 3ـ كۈنى ئۆلۈمدىن تىرىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا مۇنداق دېگەن:

> «...بىز يېرۇسالېمغا بارايلى، ئىنسان ئوغلى باش روھانى ۋە ئۆلىمالارغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ ھەم ئۇنى يات مىللەتلەرگە تاپشۇرىدۇ. ئۇلار ئۇنى مازاق قىلىپ، ئۇرۇپ، كرېستقا مىخلايدۇ. 3ـ كۈنى ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلىدۇ». («ماتتا» 20ـ باب 18ـ، 19ـ ئايەت).

بىر نەچچە قېتىم ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بىراق ئۇ: «مېنىڭ ۋاقتىم تېخى كەلمىدى» دەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆلىدىغان ۋاقتىنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلەتتى.

دىنىي يېتەكچىلەر ھەزرىتى ئەيسانى ئۆچ كۆرەتتى، ئامال تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلاتتى، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ھەزرىتى ئەيسانى يامان كۆرۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلايدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ئەيسانى يامان كۆرۈشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغانلىقىدا! بىر قېتىم ئۇلار قوللىرىغا تاش ئېلىپ، ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلاردىن: «مەن ئاتامدىن كەلگەن ياخشى ئىش، مۆجىزىلەرنى سىلەرگە كۆرسەتتىم، سىلەر قايسى ئىش ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا ئۇلار ھەزرىتى ئەيساغا: «بىز سېنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرمەيمىز، بىزنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈشمىزدىكى سەۋەپ، سەن كۇپۇرلۇق قىلدىڭ. سەن ئادەم تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدۇڭ» دېيىشتى.

## • ھەزرىتى ئەيسانىڭ سېتىلىشى ھەم تۇتقۇن قىلىنىشى

ھەزرىتى ئەيسانىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدىكى يەھۇدا خائىن ئىدى. يەھۇدا دىنىي يېتەكچىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، 30 سەر كۈمۈشكە ھەزرىتى ئەيسانى ساتتى. يەھۇدا ھەزرىتى ئەيسانى سۈيۈش ئارقىلىق ئۇلارغا بەلگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، شاگىرتلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماقتا بىللە بولدى. ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرى ئارىسىدا بىر خائىن بارلىقىنى ئۇلارغا ئېيتتى. «مۇقەددەس كىتاب»تا شەيتان يەھۇدانىڭ قەلبىگە كىرىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەزرىتى ئەيساغا خائىنلىق قىلغان دېيىلگەن. كېيىن ھەزرىتى ئەيسا قالغان شاگىرتلىرى بىلەن بىللە جەتسىمانى دەپ ئاتالغان باققا باردى.

جەتسىمانى بېغىدا، ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ بىرنىڭ قۇربانلىقىمىز بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: « ئەي ئاتا، ئەگەر خالىسىڭىز بۇ شاراپنى مەندىن يىراقلاشتۇرغايسىز». ئۇ قاتتىق ئازابلانغاچقا، ھەتتا ئۇنىڭ تەرلىرى خۇددى قان تامچىسىدەك تامچىپ چۈشۈشكە باشلىغانىدى. لېكىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ھەزرىتى ئەيسا ئاتىسىغا بويسۇنۇش يولىنى تاللىۋالدى. ئۇ دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى:«مېنىڭ ئوي-پىكرىم بويىچە ئەمەس، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسىز».



(ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى)

ئاندىن، ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا ئۆزىنىڭ ۋاقتى توشقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ گۇناھكارلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ تېخى سۆزلەۋاتقاندا يەھۇدا بىلەن بىر توپ دىنىي يېتەكچىلەر ئەۋەتكەن ئادەملەر ئۇنى تۇتقىلى كەلدى. يەھۇدا سۆيۈش بەلگىسى بىلەن ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلدى.

ھەزرىتى ئەيسا دىنىي يېتەكچىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. باش كاھىن ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ياكى ئەمەسلىكىنى سورىغاندا، ھەزرىتى ئەيسا جاۋاب

بېرىپ: «مەن شۇ» دېدى. ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىغاچقا، دىنىي يېتەكچىلەر ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك دېيىشتى.

ھەزرىتى ئەيسا رىم ئەمەلدارى پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. پىلاتۇس ئۇنىڭدىن ئەرز قىلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سوراپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بايقىدى. پىلاتۇس ھەزرىتى ئەيسانى يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا: «مەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق گۇناھ تاپالمىدىم» دېدى. لېكىن يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقلىرى ئاممىنى كۈچكۈرتۈپ: «ئۇنى كرېستقا مىخلاش كېرەك، ئۇنى كرېستقا مىخلاش كېرەك»دېگۈزدى. پىلاتۇس گەرچە ھەزرىتى ئەيسانىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇنى ئاممىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ ھەزرىتى ئەيسانى قامچىلاپ، كرېستقا مىخلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

## • ئىككى مۇھىم مەسىلە

بۇ يەردە بىز ناھايىتىمۇ مۇھىم بولغان ئىككى مەسىلىنى سورىماقچىمىز: ئالدى بىلەن سورايدىغىنىمىز، كىم ھەزرىتى ئەيساغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئوي-پىكرىنى دىنىي يېتەكچىلەرنىڭ قەلبىگە سالدى؟ ئۇ بولسىمۇ شەيتان! شەيتان پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئىنسانلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەزرىتى ئەيسانى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ئېلىپ باردى.

ئىككىنچى سوئال ھەزرىتى ئەيسا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش قۇدرىتىگە ئىگىمۇ ياكى ئىگە ئەمەسمۇ؟ ئىگە، ئۇ ئەلۋەتتە ئىگە. چۈنكى، ئۇ «خۇدانىڭ تەن ئىچىدىكى ئىپادىسىدۇر». ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىنى يوقىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. بىراق ئۇ كرېستقا مىخلىنىش يولىنى تاللىۋالدى. ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن قۇربان بولۇش يولىنى تاللىۋالدى. ھەتتا ئۇ ئۆزىنى ئۆچ كۆرگەن ئاشۇ ئادەملەر ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالىدى. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «جېنىمنى پىدا قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئاتام مېنى سۆيىدۇ... جېنىمنى ھېچكىم ئالمايدۇ، مەن ئۇنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن پىدا قىلىمەن. مەن ئۇنى بېرىشكە ۋە قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق...» («يۇھاننا» 10-باب 17-، 18- ئايەت)

# رەب ئەيسانىڭ قورقۇنچلۇق ئۆلۈمى

رىم ئەسكەرلىرى ھەزرىتى ئەيسانىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئىككى قولىنى ياغاچقا تاڭدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇچىدا ناھايىتى كۆپ كىچىك تاسمىلىرى بار خۇرۇم قامچا بىلەن ئۇرۇلدى. ھەربىر كىچىك تاسمىنىڭ ئۇچىغا ئۇچلۇق ئۇستىخان ياكى مېتال پارچىلىرى چېكىلگەنىدى.

ھەزرىتى ئەيساغا ھەربىر قامچا ئۇرۇلغاندا ئاشۇ ئۇچلۇق ئۇستىخانلار بىلەن مېتال پارچىلىرى ئۇنىڭ بەدىنىگە سانجىلاتتى. تاياق دەستىدىن ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى قان بىلەن گۆشنى ئايرىۋالغىلى بولمايتتى. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر رىم ئەسكەرلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۆلۈپ كېتەتتى.

توپلانغان خەلق ئاممىسى ھەزرىتى ئەيسانى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈشتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۇنى مازاق قىلدى ھەم ئۇنى ئۇردى. «مۇقەددەس كىتاب»تا: «ھېچقانداق بىر ئادەمزاتنىڭ يۈزى ئۇنىڭكىگە ئوخشاش زەخمىلىنىپ باققان ئەمەس، ئۇ مەسخىرە قىلىنىپ، تىكەندىن ياسالغان تاج ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن، ئېغىر كرېست ئۇنىڭ مۆرىسىگە يۈدكۈزۈلگەن ھالدا جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلدى» دەپ يېزىلغان.

ھەزرىتى ئەيسا گالگۇتا دەپ ئاتالغان جايغا كەلگەندە، ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن كرېستقا مىخلاندى. ئىككى قاراقچىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مىخلاندى. بىرى ئوڭ تەرەپتە، يەنە بىرى سول تەرەپتە ئىدى. بۇ ئىككى جىنايەتچى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانىدى. لېكىن ھەزرىتى ئەيسا بولسا ئەزەلدىن قىلچىمۇ خاتالىق قىلىپ باقمىغان بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلگەنىدى.



(مەسىھ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلدى)

ھەزرىتى ئەيسا كرېستقا مىخلانغان چاغدا، ئۆزىنى قامچىلىغان، مەسخىرە قىلغان، پۇت-قوللىرىنى كرېستقا مىخلىغان ئادەملەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ كۆزىنى ئاسمانغا تىكىپ: «ئاتا، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈڭ، چۈنكى ئۇلار

ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ» دەپ دۇئا قىلدى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ تارتقان ئازابى چېكىگە يەتكەندە ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ئى رەببىم، رەببىم، مەندىن نېمە ئۈچۈن ئايرىلىسىز؟» دېدى.

ھەزرىتى ئەيسا بىلەن بىرلىكتە كرېستقا مىخلانغان جىنايەتچىلەرنىڭ بىرى ھەزرىتى ئەيسانى ھاقارەتلىدى. لېكىن يەنە بىرى ئەيسانى ئەيىبلىگەن جىنايەتچىگە: «سەنمۇ ئوخشاشلا جازاغا ئۇچرىدىڭ، خۇدادىن قورقمايۋاتامسەن؟ بىز ئۆز گۇناھىمىزنىڭ جازاسىنى تارتتۇق، لېكىن بۇ ئادەم ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغانىدىغۇ» دېدى. ئۇ يەنە ھەزرىتى ئەيساغا قاراپ: «ئى رەببىم، پادىشاھلىقىڭ يېتىپ كەلگەندە مېنى ئەسلەپ قويارسەن»دېدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «بۈگۈن سەن چوقۇم مەن بىلەن جەننەتتە بىللە بولىسەن».

ھەزرىتى ئەيسا تەخمىنەن ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا كرېستقا مىخلانغان بولۇپ، تەخمىنەن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە تىنىقى توختىدى. چۈشتىن تارتىپ سائەت 3 كىچە پۈتۈن يەر-زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىنىقى توختاشنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «تامام بولدى» دېدى. ئۇ بۇ دۇنياغا كېلىپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تاماملىغانىدى. يەنى ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى تارتقانىدى.

## ● ھەزرىتى ئەيسانىڭ دەپنە قىلىنىشى

ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆرپ-ئادەتكە ئاساسەن بىر ئادەم كرېستقا مىقلانغاندىن كېيىن، كرېستقا مىقلانغۇچىنىڭ جەستى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن كرېستتىن چۈشۈرۈلىنىۋالاتتى. شۇڭا رىم ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ تېزراق ئۆلۈشى ئۈچۈن كرېستقا مىخلانغۇچىلارنىڭ ھوشقىنى چېقىۋېتەتتى. لېكىن «مۇقەددەس كىتاب»تا: «قۇتقۇزغۇچىنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى ئۇستىخانلىرىنىڭ بىرسىمۇ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ» دەپ ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن.

رىم ئەسكەرلىرى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئوڭ-سول ئىككى يېنىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ھۇشقىنى چېقىۋەتتى. لېكىن، ھەزرىتى ئەيسانىڭ كرېستىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھۇشقىنى چاقمىدى. بىراق نەيزە بىلەن ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىنى تىلىۋەتتى. ئۇ يەردىن قان بىلەن سۇ ئېقىپ چۈشتى.

ئاراماتىيىلىق يۈسۈپ دېگەن كىشى ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشنى سورىدى. ئۇ نىكودىم دېگەن بىر دوستى بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىنى خۇش پۇراقلىق دورا-دەرمانلار بىلەن كېپەنلەپ، ئاندىن جەسەتنى يوغان تاشتىن ياسالغان قەبرە ئىچىگە قويدى. ئۇلار بىر يوغان تاش بىلەن قەبرە ئاغزىنى ئېتىپ قويدى.

## • ھەزرىتى ئەيسا نېمە ئۈچۈن چوقۇم ئۆلۈشى كېرەك؟

نۇرغۇن كىشىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ نېمە ئۈچۈن كرېست ئۈستىدە چوقۇم ئۆلۈشى كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار: «نېمە ئۈچۈن خۇدا بىزنى مۇشۇنداقلا كەچۈرۈم قىلىۋەتمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەزرىتى ئەيسا چوقۇم ئۆلۈشى كېرەك؟» دەپ سورىشىدۇ.

خۇدا بىزنى«مۇشۇنداقلا كەچۈرۈم قىلالمايدۇ» سەۋەبى خۇدا مۇشۇ ئالەمدىكى ئادىل سوراقچىدۇر. لېكىن بىز بولساق ئۇنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلدۇق. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:« گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم چوقۇم ئۆلىدۇ». خۇدا مۇقەددەس قانۇنلىرىنى چوقۇم ئىجرا قىلىشى كېرەك. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «خۇدانىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرى ئادىللىقتىن كېلىپ چىققىدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرىدا مېھىر-مۇھەببەت بار». («زەبۇر» 145-باب 17-ئايەت)

بىز گۇناھ ئۆتكۈزدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆلۈشىمىز كېرەك. خۇدا بىزنى سۆيىدۇ ھەم بىزنى قۇتقۇزۇشنى خالايدۇ.لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ ئادالەتسىزلىك قىلالمايدۇ. خۇدا قىلغان بارلىق ئىشلار ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىدۇ. بۇ ئادىللىق خاراكتېرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر خۇدا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزغا سەل قاراپ، بىزنى جەننەتكە ئەكىرسە، ئۇ مېھرىبان بولغىنى بىلەن ئادىل بولمىغان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر ئۇ قانۇنلىرى بويىچە بىزنى دوزاققا تاشلىسا، ئۇ ئادىل بولغان بولىدۇ، بىراق مېھرىبان بولالمايدۇ. ئەمما خۇدا ھەم ئادىل ھەم مېھرىباندۇر. مەيلى ئۇ قانداق ئىش قىلمىسۇن، ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ ئادىللىقى ۋە مېھرىبانلىقىدىن ئىبارەت خاراكتېرىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

> «ئۇ، ئادىل خۇدا ھەم قۇتقۇزغۇچىدۇر». («يەشايا» 45-باب 21-ئايەت)

خۇدا قانداق قىلىپ بىزنى قۇتقۇزۇش بىلەن بىرگە يەنە ئادىل بولالىدى؟ ئۇ ئۆزى شەخسەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى زىممىسىگە ئالدى ھەم بىز تارتىشقا تېگىشلىك جازانى تارتىپ بۇ مەقسەتكە يەتتى. بىز خۇدانىڭ ھەم ئادىل ھەم مېھىر-مۇھەببەتلىك ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئاددىي مىسالدىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز.

ياشانغان بىر ئادەم بىر پارچە بولكا ئوغرىلىغاچقا سوتقا ئېلىپ بېرىلىدى. سوتچى ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بولكىنى راست ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلىش بىلەن بىرگە: «ئۇ چاغدا قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەنتى» دېگەن سۆزنىمۇ قىستۇرۇپ قويىدى.

سوتچى ھەم ئەقىللىق ھەم مېھرىبان كىشى ئىدى. ئۇ ياشانغان ئادەمگە: «ئەپەندىم، مەن ساڭا بەك ھېسداشلىق قىلىمەن، ئەمما سەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭ. شۇڭا ساڭا چوقۇم جەرىمانە قويىشىمىز ياكى سېنى تۈرمىگە سولىشىمىز كېرەك» دەيدۇ.

ھېلىقى ياشانغان ئادەم بولسا كۆزىنى يەردىن ئۈزمەي بېشىنى لىڭشىتىپ: «مېنىڭ پۇلۇم يوق، جەرىمانە تۆلىيەلمەيمەن» دەيدۇ.

ئارقىدىنلا، سوتچى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىشنى قىلىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سوراق قىلغاندا كىيىدىغان كىيىمنى سېلىپ، ئورۇندۇققا قويۇپتۇ ـ دە، ياشانغان ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى ياشانغان ئادەمنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ: «سوتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سېنى چوقۇم جازالىشىم كېرەك؛ ئەمما سېنىڭ دوستۇڭ بولۇش سۈپىتىم بىلەن سەن ئۈچۈن بۇ جەرىمانىنى مەن تۆلىۋېتەي» دەپتۇ ـ دە، يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇ ئادەم ئۈچۈن پۇل تۆلەپتۇ.

بىز خۇددى ھېلىقى ياشانغان ئادەمگە ئوخشايمىز، قانۇنغا خىلاپلىق قىلدۇق، ئەمما بۇ گۇناھلىرىمىزنىڭ قەرزىنى تۆلەشكە ئامالسىز قالدۇق. بىز ئاللابۇرۇن خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغاچقا چوقۇم جازاغا ئۇچرىشىمىز كېرەك.

بىز خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدۇق، بىزنىڭ ھۆكۈمگە ئۇچرىشىمىز ھەقلىق. ئەمما، ئوخشاشلا خۇدانىڭ ئوغلى بولغان ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ سوراقچىمىز بولۇشتەك سالاھىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇ دۇنياغا كېلىپ بىز ئۈچۈن گۇناھلىرىمىزنىڭ بەدىلىنى تۆلىدى ۋە گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى تارتتى.

---

«خۇدا گۇناھكارلارنىڭ جازاغا تارتىلماسلىقىغا يول قويمايدۇ، ئىنسان گۇناھى سەۋەبىدىن ئۆلۈشى كېرەك. لېكىن رەبنىڭ كرېستتا ئۆلۈشى بىلەن، خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى ۋە مېھرىبانلىقى نامايان بولدى». (دەنھام سمىت)

---

«مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئەڭ قىممەتلىك ھەقىقەت شۇكى، خۇدانىڭ ئوغلى بىزنى سۆيىدۇ، ھەتتا ئۇ جەننەتنى تاشلاپ بىز ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كەلدى ھەم بىزنىڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن ئۆلدى. مەسىھ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ، جازاغا تارتىلغاچقا، خۇدا ئادىللىق بىلەن مەسىھنىڭ قۇتقۇزغۇچى رەب ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. خۇدا ھەرگىزمۇ بىزنىڭ گۇناھىمىزغا سەل قارىمايدۇ، ئۇنىڭ بىزنىڭ گۇناھىمىزنى كەچۈرۈشى ئۆز ئوغلىنىڭ گۇناھ ئۈچۈن ئاققۇزغان قېنىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدا.




(كرېست ئۈستىدە بىز خۇدانىڭ ئادىللىقىنى ۋە مېھرىبانلىقىنى كۆرەلەيمىز)

## بىز چوقۇم ھەزرىتى ئەيسانى بىزنىڭ قوزىمىز دەپ قوبۇل قىلىشىمىز لازىم

بىز يۇقىرىدا قان ئاققۇزۇلمىسا گۇناھنىڭ كەچۈرۈم بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. كونا ئەھدە زامانىسىدا، خۇدا ئۆز خەلقىدىن گۇناھلىرى ئۈچۈن قوزا قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. قوزا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆلگەچكە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم بولاتتى.

بۇ بىزنىڭمۇ ئۆز گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن قوزا قۇربانلىق قىلىشىمىزدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ياق. خۇدا ھازىر بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزنى خالىمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ بىز ئۈچۈن ئاللابۇرۇن تەييارلىغان قوزىسىنى، يەنى رەب ئەيسانى تونۇشىمىزنى خالايدۇ. ئۇ بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «قاراڭلار، دۇنيانىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى خۇدانىڭ قوزىسىغا».

بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلگەن قۇربانلىق ئاللىقاچان تەقدىم قىلىنىپ بولدى. ھەزرىتى ئەيسا- خۇدانىڭ قوزىسى ئاللىبۇرۇن بىزنىڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن ئازاب چېكىپ ئۆلدى. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق

خاتىرىلىنىدۇ:

«ئۇ سىلەرنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىڭلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، بىز تارتىدىغان ئازابلارنى ئۇ تارتتى... بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۇ زەخىملەندى، سەۋەنلىكلىرىمىز ئۈچۈن ئۇ تاياق يېدى. ئۇ تارتقان جازانىڭ ئورنىغا بىز شىپا تاپتۇق، يېگەن تايىقى بەدىلىگە بىز داۋا تاپتۇق».
(«يەشايا» 53ـباب 4ـ، 5ـئايەت)

ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئازاب چېكىپ ئۆلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق سىز «شىپا» تېپىپ ساقايغانلىقىڭىزنى، يەنى گۇناھلىرىڭىزنىڭ كەچۈرۈم بولغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشەنگىچە بۇ ئايەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىڭ.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ دۇنيانىڭ كىشىلىرى ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنى بىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئەمەس، سىز يەنە ئۇنىڭ سىزنىڭ گۇناھىڭىز ئۈچۈنمۇ ئۆلگەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك. سىز ئۇنىڭغا ئىشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇنىڭ سىزنىڭ گۇناھىڭىز ئۈچۈن ئۆلگەن «قۇربانلىق» ئىكەنلىكىنىمۇ قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك.

كونا ئەھدە زامانىسىدىكى كىشىلەر قۇربانلىق قىلىنىدىغان قويغا چوقۇم قولىنى تەككۈزۈپ ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوي بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. ئوخشاشلا بىزمۇ چوقۇم ئىشەنچىمىز بىلەن خۇدانىڭ قوزىسى بولغان ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئورنىدا، بىز ئۈچۈن ئازاب چېكىپ ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

يۇقىرىقى ئايەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىڭ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن ئۆلگەن نۇقسانسىز قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلىڭ ھەم ئۇنىڭ سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىڭ.

# بايقالغان ھەقىقەت

مەسىھ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ، تېگىشلىك جازانى تارتقانلىقى ئۈچۈن، خۇدا ھەزرىتى ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى رەب دەپ ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا تايانغان بارلىق كىشىلەرنى ئادىللىق بىلەن كەچۈرۈۋېتىدۇ.

---

پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

«يەشايا»53ـ باب

«ماتتا»27ـ باب

«ماركوس»15ـ باب

«لۇقا»23ـ باب

«يۇھاننا» 19ـ باب




# ئون پەرمان

## بەشىنچى پەرمان

«ئاتا- ئاناڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان زېمىندا ئۇزۇن ئۆمۈر كەچۈرەلەيسىلەر». (تەۋرات «مىسىردىن چىقىش كىتابى» 20-باب 12-ئايەت)

خۇدا بىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمىزغا قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىمىزغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. خۇدا بىزنىڭ دادىمىز ۋە ئانىمىزنى ھۆرمەت قىلىشىمىزنى، يەنى ئۇلارنى سۆيۈپ، ئۇلارغا بويسۇنىشىمىز توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ.

بىز نېمە ئۈچۈن ئاتا-ئانىمىزنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنى سۆيۈپ، ئۇلارغا بويسۇنىمىز؟ چۈنكى، خۇدا بىزگە مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇق قىلغان.

بىر ئائىلىدە ئاتا- ئانا خۇدانىڭ ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. خۇدا دادا بولغۇچىنى شۇ ئائىلىنىڭ خوجايىنى بولۇشقا بەلگىلىدى. شۇڭا ئائىلىدە ئايال بولغۇچى ئۆز ئېرىگە بويسۇنىشى، بالىلار بولسا ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە زامان ئاخىرىدا بولىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرىنىڭ ئىنسانىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قارشى چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتىپ بېرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» تا خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«شۇنى بىلگىنكى، ئاخىر زاماندا ئېغىر كۈنلەر بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئىنسانلار ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، پۇلپەرەس، ماختانچاق، تەكەببۇر ۋە كۇپۇرلۇق قىلىدىغان ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغان ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان، ئېتىقادسىز،...» (ئىنجىل:«تىموتىيغا يېزىلغان 2-خەت» 3-باب 1-، 2- ئايەت)

خۇدا بىزگە «ئاتا-ئاناڭلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار» دېدى. بۇ بۇيرۇق ۋاقىت چەكلىمىسگە ئىگە. چۈنكى، كۆنۈلەرنىڭ بىرىدە بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز ئۇلارغا ئۇلار ئېرىشىشقا تېگىشلىك بولغان مېھىر-مۇھەببەت بەرمىسىڭىز ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىمىسىڭىز، ئۇلار بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان چاغدا نەقەدەر ئازابلىنىدۇ-ھە!

# ئالتىنچى پەرمان

«قاتىللىق قىلىشقا بولمايدۇ.»(تەۋرات «مىسىردىن چىقىش كىتابى». 20-باب 13-ئايەت)

بىز ئالدى بىلەن بۇ بۇيرۇقنىڭ قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. بۇ بۇيرۇق ھايۋاناتلارنى ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشنى كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ ئۆزىنى قوغداش سەۋەبىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كۆرسەتمەيدۇ ھەم قانۇن بويىچە قاتىلنى ئۆلتۈرۈشنى كۆرسەتمەيدۇ. خۇدا قاتىل ئۈچۈن ئۆزى ئۆلۈم جازاسى بەلگىلىدى. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«كىمكى ئادەم قېنىنى تۆكسە، ئۇنىڭ قېنىمۇ ئادەم تەرىپىدىن تۆكۈلىدۇ...» (تەۋرات: «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 9-باب 6-ئايەت)

بۇ پەرمان ئادەملەرنىڭ يامان نىيەت بىلەن باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشنى چەكلەيدۇ. ئادەم خۇدانىڭ ئوبرازى بويىچە يارىتىلغان ھەم ئادەمدە مەڭگۈ يوقالمايدىغان روھ بار. شۇ سەۋەبتىن ئادەمنىڭ ھاياتى ناھايىتى قىممەتلىك. سىز بەلكىم: «مەن قەتئى بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ باقمىدىم ھەم ئەزەلدىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىدىم» دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەملەر ناھايىتى ئاز، ئەمما «مۇقەددەس كىتاب»تا بولسا ئادەم ئۆلتۈرۈش گۇناھىنىڭ باشلىنىشى ئىنسان قەلبىدە بولىدۇ، دېيىلگەن. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنساننى ناپاك قىلىدىغان نەرسە ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ دىلىدىن يامان غەرەزلەر، بۇزۇقچىلىق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، زىناخورلۇق، ئاچكۆزلۈك ۋە ھەر تۈرلۈك يامان ئىشلار؛ ئالدامچىلىق، شەھۋەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق ۋە ھاماقەتلىك چىقىدۇ».(ئىنجىل: «ماركوس» 7-باب 21-، 22- ئايەت)

سىز بىرەرسىنى ئۆچ كۆرۈپ باققانمۇ؟
سىز خاپا بولۇپ باشقىلارنى قاغاپ باققانمۇ؟

ئەگەر بۇنداق ئىشلار سىزدە بولغان بولسا، سىز ئالتىنچى بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولىسىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«قېرىندىشىغا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشى قاتىلدۇر»
(ئىنجىل:«يۇھاننا يازغان 1ـ خەت» 3ـباب 15ـئايەت)

# «مۇقەددەس كىتاب»نى قانداق ئوقۇش كېرەك؟

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ياخشى بىر ئېتىقادچىسى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم «مۇقەددەس كىتاب»نى پىششىق بىلىش ۋە ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنى ياخشى بىلىش كېرەك. بىز پەقەت خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق خۇدانى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز ۋە خۇدانىڭ بىزگە بولغان ئىرادىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. تۆۋەندىكى بىر نەچچە پرىنسىپلار بىزنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»نى ياخشى ئوقۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇلارنى كۆرۈپ باقايلى:

## 1. ۋاقىت ئاجرىتىش

«مۇقەددەس كىتاب» ئۇلۇغ كىتاب بولغاچقا، ئەگەر مۇۋاپىق ۋاقىت ئاجرىتىپ ئوقۇمىساق، ئۇنى پىششىق بىلەلمەيمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «خۇدانىڭ ھەقىقەتىنى توغرا قوللىنىپ، ئۆزۈڭنى خۇدا ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايدىغان لاياقەتلىك بىر خىزمەتچى بولۇپ يېتىشتۈرۈشكە تىرىش». ( ئىنجىل «تىموتىيغا يېزىلغان 2-خەت» 2-باب 15-ئايەت)

بىز «مۇقەددەس كىتاب»نى ھەر كۈنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئىزچىل ئوقۇشىمىز كېرەك. بىز ئوقۇغاندا ئەڭ ياخشىسى «كونا ئەھدە» بىلەن «يېڭى ئەھدى»نى بىرلىكتە ئوقۇغىنىمىز ياخشى. ئەگەر ھەر كۈنى «كونا ئەھدى»دىن ئۈچ باب، «يېڭى ئەھدى»دىن بىر باب ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز بىر يىل ئىچىدە پۈتۈن «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇپ تۈگىتەلەيمىز.

ئائىلىدە بولسا ئاتا-ئانا بولغۇچى بالىلىرىغا «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق بالىلىرىنىڭ خۇدانى تونۇشىغا ۋە خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ياخشى كۆرۈشكە ياردەم بېرەلەيدۇ. بۇ ھەم ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»نى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشتىكى بىر ياخشى ئۇسۇل.

## 2. ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىش

ئەگەر بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ھەقىقي چۈشىنىمىز دەيدىكەنمىز، «مۇقەددەس كىتاب»تىكى نۇرغۇنلىغان روھقا ئائىت ھەقىقەتلەرنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. خۇدانىڭ سۆزلىرى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېزىپ چىقىلغان. ئەمەلىيەتتە خۇدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»نى

ئۆزگەرتىشكە قەتئى يول قويمايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېزىلغانىكەن، ئۇنداقتا بىزمۇ ئۇنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئوقۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلساق ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرنى كۆرەلەيمىز.

«مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشتىكى ئاساسىي پرىنسىپ ئۇنى ئېھتىياتچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇش. ئەلچى پاۋلۇس «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» كىتابىنى ئوقۇغاندا، ئۇ خۇدانىڭ ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ۋەدە بەرگەنلىكىنى بايقايدۇ. خۇدا ئىبراھىمغا مۇنداق دەيدۇ:

«يەر يۈزىدىكى بارلىق دۆلەتلەر سېنىڭ ئەۋلادىڭ سەۋەبىدىن بەختكە ئېرىشىدۇ».

پاۋلۇس بۇ ۋەدىنى ئوقۇغان ۋاقىتتا «ئەۋلاد» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدە بولماستىن بەلكى بىرلىك شەكلىدە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ ۋە بۇ ۋەدىنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا قارىتىلغانلىقىنى شۇ ھامان ھېس قىلىدۇ. پاۋلۇس ئۆزىنىڭ گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«شۇنىڭدەك، خۇدا ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدىغان ۋەدە بەردى. مۇقەددەس كىتابتىكى ‹سېنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭغا› دېگەن سۆز نۇرغۇن كىشى ئەمەس، بەلكى ‹سېنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭغا› دەپ، يالغۇز بىرسىنى، يەنى ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىدۇ». ( ئىنجىل «گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 3-باب 16-ئايەت)

«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ. ئەگەر سىز خۇدانىڭ سۆزلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىشنى خالىسىڭىز، سىز مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە دۈچ كەلگەندە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدىنىڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز «مۇقەددەس كىتاب»قا بولغان بىلىمىڭىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بارىدۇ.

## 3. ئايەتلەرنى ئەستە چىڭ تۇتۇش

«مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشتىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل- ئوقۇغان ئايەتلەرنى ئەستە قالدۇرۇشتۇر. ھەر كۈنى بىر ئايەتنى يادلاپ، ئەتىنىچى كۈنى قايتا تەكرار قىلسىڭىز بىر يىل ئۆتكەندە 300 دىن ئارتۇق ئايەتنى ئەستە قالدۇرالايسىز. مۇشۇنداق قىلىشنى داۋاملاشتۇرسىڭىز «مۇقەددەس كىتاب»قا بولغان بىلىمىڭىز تېز كۆپىيىدۇ. ئايەتلەرنى ئەستە قالدۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل- كىچىك كارتۇچكىلارنى ئىشلىتىش. «مۇقەددەس كىتاب»تىن ئېلىنغان ئايەتنى كارتۇچكىنىڭ بىر تەرىپىگە يېزىپ، يەنە بىر تەرىپىگە شۇ ئايەتنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»تىكى قايسى كىتابنىڭ قانچىنچى باب، قانچىنچى ئايەت

ئىكەنلىكىنى يېزىپ قويۇش لازىم. بوش ۋاقىت بولسىلا كارتوچكىنى چىقىرىپ ئايەتنى ئوقۇش كېرەك. كارتوچكىنىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان سانغا قاراپ ئايەتنى يادلاش، ئەستە قالدۇرالمىغان چاغدا ئاندىن كارتوچكىغا قاراش كېرەك. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئايەتنى ئەستە قالدۇرغىلى بولىدۇ.

## 4. تەھلىل قىلىش

ئەگەر بىز «مۇقەددەس كىتاب»تىكى مەلۇم بىر پرىنسىپنى توغرا ئۆگەنمەكچى بولساق، چوقۇم مەزكۇر ھەقىقەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئايەتلەرنى ئوقۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن، «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ كۆپ جايلىرىدا دۇئا قىلىش توغرۇلۇق توختىلىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلار ئىچىدىكى بىر ئايەتنى ياكى بىر ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكنىلا ئوقۇساق، بىز خۇدانىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىمىنى تولۇق بىلەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئايەتلەرنى ئوقۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

## 5. مۇقەددەس روھقا تايىنىش

«مۇقەددەس كىتاب»تا بىز چۈشىنەلمەيدىغان نۇرغۇن ھەقىقەتلەر بار. ئەگەر بىزدە خۇداغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلارنى بىلىدىغان بىر ئۇستاز بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە! ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇنداق بىر ئۇستاز بار! ئۇ بولسىمۇ مۇقەددەس روھتۇر. خۇدا بىزگە مۇقەددەس روھنى ئاتا قىلىپ، بىزگە «مۇقەددەس كىتاب» توغرۇلۇق تەلىم بېرىدۇ. بىز ھەزرىتى ئەيسانى ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزغۇچى رەببىمىز دەپ ئېتىراپ قىلغان ئاشۇ ۋاقىتتا، مۇقەددەس روھ قەلبىمىزگە كىرىدۇ. مۇقەددەس روھ ھەزرىتى ئەيساغا ئىشەنگەن ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىدە بولىدۇ. مۇقەددەس روھ بىزگە خۇداغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى ئۆگىتىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «ئاتام مېنىڭ نامىم بىلەن ئەۋەتىدىغان ياردەمچى، يەنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھى سىلەرگە ھەممىنى ئۆگىتىدۇ...» (ئىنجىل:«يۇھاننا» 14-باب 26-ئايەت)

ئەگەر مۇقەددەس روھ بولمىسا، بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەيمىز. شۇڭا بىز خۇدانىڭ بىزگە مۇقەددەس روھنى ئەۋەتكەنلىكىگە قانچىلىك رەھمەت ئېيتساق ئەرزىيدۇ. بىز ھەر قېتىم «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، بىز مۇقەددەس روھنىڭ بىزگە خۇدانىڭ سۆزلىرى توغرۇلۇق تەلىم بېرىشىگە تايىنىشىمىز كېرەك. داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ مۇنۇ دۇئاسى مۇشۇ مەنىدىن دېرەك بېرىدۇ:

> « قانۇنلىرىڭنىڭ سىرلىرىنى بىلىشىم ئۈچۈن كۆزۈمنى ئاچقايسەن». («زەبۇر» 119-باب 18-ئايەت)

# «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ مەنىسىنى ئىزاھاتلاشتىكى پرىنسىپلار

## ● ماتېرىيال توپلاش

مەلۇم بىر ئايەتنىڭ ياكى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى سوئاللارنى ئۆز-ئۆزىمىزدىن سوراپ بېقىشىمىز كېرەك:

1. بۇ بابنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى نېمە؟
2. سۆزلەۋاتقان كىم؟ خۇدامۇ؟ ئادەممۇ؟ شەيتانمۇ ۋە ياكى باشقا كىشىلەرمۇ؟
3. سۆزلەۋاتقان كىشى كىمگە سۆزلەۋاتىدۇ؟ خۇداغىمۇ؟ ئادەمگىمۇ؟ ئادەم بولسا ئېتىقادچىلارغىمۇ ياكى ئېتىقادچى ئەمەسلەرگىمۇ؟

بىز «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن چۈشەندۈرسەك بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى سۆز مەنىسىگە ئاساسەن بىۋاستە يېشىپ چۈشەندۈرۈش، يەنە بىرى «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ھەقىقەتلەرنى سۆز بويىچە ئەمەس، بەلكى مەسىللەر ئارقىلىق يېشىپ چۈشەندۈرۈش. «مۇقەددەس كىتاب»تا نۇرغۇنلىغان مەسىللەر ئارقىلىق خۇدانىڭ ھەقىقىتى چۈشەندۈرۈلگەن.

## ● ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك

«مۇقەددەس كىتاب»دىكى بەزى ئايەتلەرنى چۈشىنىش ناھايىتى تەس. سىز مۇشۇنداق قىيىن ئايەتلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلمىگەندە ئۈمىدسىزلەنمەي، بۇ ئايەتلەرنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، باشقىسىنى داۋاملىق ئوقۇۋېرىڭ.

بەزىلەر «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشنى بىلىق يېيىشكە ئوخشىتىدۇ. سىز بېلىق يېگەندە قىلتىرىقنى بىرياقىغا قويۇپ داۋاملىق يەۋېرىسىز، «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. سىز «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇپ چۈشەنمىگەن جايغا كەلگەندە، ئۇ جاينى خۇددى بېلىقنىڭ قىلتىرىقنى بىر ياققا ئايرىپ قويغاندەك قويۇپ قويۇپ، داۋاملىق ئوقۇۋېرىڭ. بەلكىم بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خۇدا ئاشۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى سىزگە بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

## ● باشقا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش

«مۇقەددەس كىتاب» لۇغىتى سىزنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئادەملەرنى ۋە ئورۇن-جايلارنى ئېنىق بىلىۋېلىشىڭىزغا كۆپ ياردەم بېرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا سىمون ئىسىملىك ئادەمدىن جەمئىي ئونى، يۇھاننا ئىسىملىكتىن تۆتى، ياقۇپ ئىسىملىكتىن ئۈچى ۋە مەريەم ئىسىملىكتىن ئالتىسى بار. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ ئىككى ئىسمى بار. سىز «مۇقەددەس كىتاب»تا تىلغا ئېلىنغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟ سىز بۇنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئادەملەر ۋە ئورۇن-جايلار خاتىرىلەنگەن ياخشى لۇغەتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ پايدىلىنىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرنى چۈشەندۈرىدىغان ياردەمچى كىتابلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

# قانداق قىلغاندا «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشتىن تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

«مۇقەددەس كىتاب» بولسا خۇدانىڭ مۇقەددەس سۆزلىرىدۇر، لېكىن بەزى كىشىلەر «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇسا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەپ ئالالماسلىقى مۇمكىن، بۇنداق بولۇشىدا مەلۇم سەۋەب بار. «مۇقەددەس كىتاب»نى چىن قەلبى بىلەن ئوقۇش كېرەك. بىزنىڭ نىيىتىمىز دۇرۇس بولمىسا، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمەيمىز. بىز ئەگەر «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ھەقىقەتلەرنى ئۆگەنمەكچى ھەم مۇقەددەس روھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەكچى بولساق، قانداق قەلبنى تەييارلىشىمىز كېرەكلىكىنى تۆۋەندا كۆرىمىز.

## 1. بىزدە يېڭى قەلب بولۇشى كېرەك

بۇنىڭ مەنىسى بىز چوقۇم يېڭىباشتىن تۇغۇلۇشىمىز كېرەك دېگەنلىكتۇر. قۇتقۇزۇلۇشقا تېخى ئېرىشەلمىگەن ئادەم خۇدانىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

> «لېكىن، قەلبىدە خۇدانىڭ روھى بولمىغان كىشى خۇدانىڭ روھى تەقدىم قىلغان بۇ ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلالمايدۇ، شۇنداقلا، بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا بىمەنە تۇيۇلىدۇ. بۇنداق كىشى بۇ ئىشلارنى چۈشىنەلمەيدۇ، چۈنكى، پەقەت قەلبىدە خۇدانىڭ روھى بار بولغان كىشىلەرلا بۇلارنى چۈشىنەلەيدۇ». («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1-خەت» 2-باب 14-ئايەت)

## 2. بىزدە خۇدادىن ئەيمىنىدىغان قەلب بولۇشى كېرەك

ئەلچى پاۋلۇس سالونىكىدىكى ئېتىقادچىلارنى ماختايدۇ، چۈنكى ئۇلاردا خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان قەلب بار ئىدى. پاۋلۇس مۇنداق يازىدۇ:

> «خۇداغا ھەمىشە شۈكۈر ئېيتىشىمىزدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، سىلەر بىزدىن خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قوبۇل قىلغىنىڭلاردا، بۇ سۆزنى ئىنسانلارنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ سۆزى، دەپ ئېتىراپ قىلدىڭلار. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ سۆز خۇدانىڭ سۆزىدۇر. سىلەرنىڭ، يەنى ئېتىقادچىلارنىڭ قەلبىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانمۇ مانا شۇ سۆزدۇر». («سالونىكىلىقلارغا يېزىلغان 1- خەت» 2-باب 13-ئايەت)

## 3. بىزدە بويسۇنىدىغان قەلب بولۇشى كېرەك

خۇدا ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئۆزىگە بويسۇنمايدىغان ئادەملەرگە ئۆگەتمەيدۇ. پەقەت خۇداغا بويسۇنىشنى خالايدىغانلارلا «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنەلەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «خۇداغا چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلىشنى خالايدىغان كىشى بۇ تەلىمنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ياكى ئۆزلىكىمدىن ئېيتىۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ». «يۇھاننا» 7-باب 17-ئايەت)

## 4. بىزدە تەلىمنى قوبۇل قىلىدىغان قەلب بولۇشى كېرەك

خۇدا ئۆزىنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق بىزگە ۋەھىي بېرىدۇ. بىزنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۆگىنىپ، روھىي ھاياتىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يېتىلمەسلىكى، بىزنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بولغان ئىنكاسىمىزغا باغلىق. خۇدا بىزگە ھاياتىمىزدىكى ئۆزىنى خۇشال قىلالمايدىغان تەرەپلىرىمىزنى كۆرسىتىپ بەرگەندە، بەلكىم بىز «سەن دېمەكچى بولغان ئادەم مەن ئەمەس، مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس!» دەپ ئىنكاس قايتۇرىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساق خۇدانىڭ

ياردىمگە داۋاملىق ئېرىشەلمەيمىز. ئەكسىچە، ئەگەر بىز سەممىيلىك بىلەن ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلساق ھەم كەمتەرلىك بىلەن خۇدانىڭ كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلساق، خۇدانىڭ تەلىم بېرىشىگە ھەم بىزنى ئۆزگەرتىشىگە مۇيەسسەر بولالايمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «ئۇ چوقۇم ئادىللىق بىلەن كەمتەر ئادەملەرنى يېتەكلەپ، ئۇلارغا ئۆز سۆزلىرى بىلەن تەلىم بېرىدۇ».
> («زەبۇر» 25-باب 9-ئايەت)

## 5. بىزدە كەمتەر قەلب بولۇشى كېرەك

«مۇقەددەس كىتاب»تا خۇدانىڭ ھەقىقەتنى ھاكاۋۇر، ئۆز-ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن يوشۇرۇنغان دېيىلگەن. ئەگەر بىز خۇدادىن ئۆگىنىمىز دەيدىكەنمىز، بىز چوقۇم خۇددى بىر كىچىك بالا ئۆز دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندەك خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىشىمىز كېرەك. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «...ئىھ ئاتا، ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسى، ساڭا رەھمەت، چۈنكى سەن بۇ ئىشلارنى ئەقىللىق ۋە بىلىملىك ئادەملەردىن يوشۇرۇپ، كىچىك باللارغا ئاشكارىلىدىڭ».
> («ماتتا» 11-باب 25-ئايەت)

## 6. بىزدە ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قەلب بولۇشى كېرەك

«مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. داۋۇت پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ:

> «مەن سېنىڭ قانۇنلىرىڭنى شۇقەدەر سۆيىمەنكى، كېچە-كۈندۈز ئويلانماي تۇرالمايمەن». («زەبۇر» 119-باب 97-ئايەت)

بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىنى قانچە ياخشى كۆرسەك، شۇنچە چۈشىنەلەيمىز. يەرەميا پەيغەمبەر مۇنداق دەپ يازىدۇ:

> «...مەن سۆزلىرىڭگە ئېرىشسەم، ئۇنى ئاشلىق ئورنىدا يەيمەن؛ سېنىڭ سۆزلىرىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى زور خۇشاللىق، چۈنكى مەن سېنىڭ نامىڭ ئاستىدىكى بەندە».
> («يەرەميا» 15-باب 16-ئايەت)

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. كونا ئەھدە زامانىسىدا، خۇدانىڭ پۇقرالىرى ئۆز گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۇلار( )
(1) پەقەتلا خۇداغا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتسىلا بولاتتى.
(2) چوقۇم كاھىنىدىن كەچۈرۈم سورايتتى.
(3) چوقۇم ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن مال قۇربانلىق قىلاتتى.

2. خۇدا ئۆز پۇقرالىرىغا بىر ئۇلۇغ ھەقىقەت ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ:( )
(1) ئەگەر سەن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشمەكچى بولساڭ، چوقۇم ئالاھىدە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشىڭ كېرەك.
(2) تاكى قان ئېقتىلمىغىچە گۇناھ كەچۈرۈم بولمايدۇ.
(3) سەن چوقۇم نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ ئۆز گۇناھلىرىڭنى يۇيۇشىڭ كېرەك.

3. گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم بىر قوينى كاھىنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، قولىنى قوينىڭ بېشىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى ( )
(1) قوي بىلەن ئوخشاش بولۇش ئۈچۈن.
(2) ئۆزىنىڭ نەقەدەر كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن.
(3) پەقەتلا كاھىنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن.

4. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمى ئادەتتىكىدەك ئۆلۈم ئەمەس، چۈنكى ( )
(1) ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەردە، قاچان، قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.
(2) ئۇ كرېستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.
(3) ئۇ ئۆزىنىڭ دوستلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

5. دىنىي يېتەكچىلەرنىڭ ھەزرىتى ئەيسانى ئۆچ كۆرۈشى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىكى سەۋەب ( )
(1) ئۇلارغا قېتىلمىغانلىقىدا.
(2) ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە بويسۇنمىغانلىقىدا.
(3) ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىشىدا.

6. جىتسېمانى بېغىدا ھەزرىتى ئەيسا( ) ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.
(1) خۇدانىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىنى يوقىتىشى ئۈچۈن.
(2) ئۆز ئىرادىسىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن.
(3) ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن.

7. ھەزرىتى ئەيسا ئۆز ئۆلۈمىدىن ( )
(1) ساقلىنالمايتتى.
(2) ساقلىنالايتتى، لېكىن ئۇ كرېستنى تاللىۋالدى.
(3) ئەگەر دوستلىرى ياردەم بەرسە ساقلىنالايتتى.

8. خۇدانىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىشىدىكى سەۋەب ( )
(1) ئۇ بىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.
(2) ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بەدەل تۆلىدى.
(3) ئۇ گۇناھقا سەل قارايدۇ.

9. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، ئۆز گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم بولۇشى ئۈچۈن، بىز چوقۇم ( )
(1) گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن قوزىنى قۇربانلىق قىلىشىمىز كېرەك.
(2) خۇدانى خۇشال قىلىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك.
(3) ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتكە ئىشىنىشىمىز ھەم ئۇنى بىزنىڭ «قوزىمىز» دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

10. بىز «قاتىللىق قىلماڭلار» دېگەن بۇيرۇققا پەقەت ( )لا خىلاپلىق قىلغان بولىمىز.
(1) ھەرقانداق نەرسىنى ئۆلتۈرسەك.
(2) مەلۇم بىر ئادەمنى ئۆچ كۆرسەك.
(3) پەقەت ئادەمنى ھەقىقىي ئۆلتۈرسەك.

## سىز بۇ دەرستە ئەڭ مۇھىم بولغان نېمە نەرسىنى ئۆگىنىۋالدىڭىز؟

# ئالتىنچى دەرس

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلىشى



«ھەزرىتى ئەيسا كېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق ھوقۇق ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىلدى». («ماتتا» 28-باب 18-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

رەب ئەيسا كرېستقا مىخلانغان ۋاقىتدا، شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتۇق دەپ ئويلاشتى. لېكىن ئۇلار چوڭ خاتالاشقاندى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەزرىتى ئەيسا قەبرىسىدىن تىرىلىپ چىقىپ شەيتان ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

## ھەزرىتى ئەيسا قەبرىدىن تىرىلىپ چىقىدۇ

دىنىي يېتەكچىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوغرىلاپ، ئۇنى تىرىلدى دەپ ئېلان قىلىشىدىن قورقۇپ، پىلاتۇستىن ئەسكەر چىقىرىپ قەبرىگە قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رىم ئەسكەرلىرىدىن تۆت كىشى كېچە-كۈندۈز ھەزرىتى ئەيسانىڭ قەبرىسىگە قاراشقا بەلگىلىنىدۇ.

يەكشەنبە كۈنى، تاڭ تېخى يورىمىغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئەيسا ئۆلۈمدىن تىرىلدۇ. شۇ ۋاقىتتا يەر توساتتىن قاتتىق تەۋرىنىپ كېتىدۇ، خۇدانىڭ ئەلچىسى ئاسماندىن چۈشۈپ، قەبرىنىڭ ئېغىزىغا يېپىلغان تاشنى دومىلىتىۋېتىدۇ. رىم ئەسكەرلىرى قورقىنىدىن خۇددى ئۆلۈك ئادەملەرگە ئوخشاپ قالىدۇ.

بىر دەمدىن كېيىن ئۈچ ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئاساسەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ تېنىگە سۈۋاش ئۈچۈن خۇش پۇراقلىق دورا-دەرمەنلەرنى ئېلىپ قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىشىدۇ. ئۇلار قەبرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، قەبرىگە يېپىلغان تاشنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بىر پەرىشتە ئۇلارغا:

«...قورقماڭلار، مەن سىلەرنىڭ كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ئەيسانى ئىزدەپ كەلگىنىڭلارنى بىلىمەن. ئۇ ھازىر بۇ يەردە ئەمەس، ئۇ ئۆزى دېگەندەك تىرىلدى. قېنى كېلىپ ئۇ ياتقان جايغا قاراپ بېقىڭلار» ـ دېدى. («ماتتا» 28ـ باب 5ـ، 6ـ ئايەت)



(ھەزرىتى ئەيسا تىرىلدى)

ئاياللار ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىنىڭ قەبرىدە يوق ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار گاڭگىراش ۋە قورقۇنچ ھېس قىلىپ، يۈگۈرگىنىچە بېرىپ بۇ ئەھۋالنى شاگىرتلارغا ئېيتتى.



«ئۇ بۇ يەردە ئەمەس، ئۇ ئاللاقاچان تىرىلدى»

قۇرۇق قەبرىنى كۆرگەن ئاياللارنىڭ بىرى مەجدەللىك مەريەم ئىدى. ئۇ پېترۇس ۋە يۇھانناغا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلارمۇ بېرىپ قارىدى قەبرە ھەقىقەتەن بوش ئىدى. قەبرە ئىچىدە پەقەت كېپەنلىك قىلىنغان ماتالا تۇراتتى.

# ھەزرىتى ئەيسانىڭ مەجدەللىك مەريەمگە كۆرۈنۈشى

مەجدەللىك مەريەم بىردەمدىن كېيىن يەنە قەبرىگە باردى. ئۇ قەبرە سىرتىدا يىغلاۋاتقادا، رەب ئەيسا ئۇنىڭغا كۆرۈندى. دەسلەپتە مەريەم ئۇنى باغۋەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى. مەريەم : «ئەپەندىم، ئەگەر سىز ئۇنى يۆتكىۋەتكەن بولسىڭىز ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ. سىز ئۇنى نەگە يۆتكىۋەتتىڭىز؟» دېدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئەيسا: «مەريەم» دەپ چاقىردى. مەريەم ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى-دە، ھەزرىتى ئەيسانى تونۇپ: «ئۇستازىم» دەپ ۋاقىرىۋەتتى.



(ھەزرىتى ئەيسانىڭ مەجدەللىك مەريەمگە كۆرۈنۈشى)

# ھەزرىتى ئەيسانىڭ شاگىرتلىرىغا كۆرۈنۈشى

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئون نەپەر شاگىرت بىر ئۆيگە جەم بولۇپ، ئىشىك-دەرىزىلەرنى تاقاپ ئولتۇرۇپ، كۈندۈزى يۈز بەرگەن ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئون ئىككى شاگىرت ئىچىدىكى توماس ئۇلار بىلەن بىللە ئەمەس ئىدى.

توساتتىن، ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى-دە، شاگىرتلىرىغا:«ئامان بولۇڭلار» دېدى. شاگىرتلار ئىنتايىن قورقۇشۇپ كەتتى. ئۇلار جىن-ئالۋاستىنى كۆردۇق دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن رەب ئەيسا ئۇلارغا:«سىلەر نېمىدىن قورقىسىلەر، نېمىدىن گۇمانلىنىۋاتىسىلەر، سىلەر مېنىڭ پۇت-قوللىرىمغا قاراپ باقساڭلار مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر، مېنى تۇتۇپ بېقىڭلار جىن-ئالۋاستىنىڭ گۆش-ئۇستىخانلىرى بولمايدۇ. قاراڭلار مېنىڭ بار» دېدى.

رەببىمىز ئەيسا قەبرىدىن تىرىلىپ چىقتى! شاگىرتلار بۇنى قانداق بىلەلىدى؟ ئۇلارنىڭ بىلەلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن سىلاپ كۆردى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېدى.

ھەزرىتى ئەيسا تىرىلدى! شاگىرتلار قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا بۇ خۇش خەۋەرنى توماسقا ئېيتتى. لېكىن توماس بۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:
«ئۇنىڭ قوللىرىدا مىخنىڭ ئىزىنى كۆرمىگۈچە، مىخلارنىڭ ئىزىغا ئۆز بارمىقىمنى ۋە بىقىنىغا ئۆز قولۇمنى تەگكۈزۈپ باقمىغۇچە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن».

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ توماسقا كۆرۈنۈشى

سەككىز كۈندىن كېيىن، شاگىرتلار يەنە ئاشۇ ئۆيگە يىغىلدى. توماسمۇ ئۇلار بىللە ئىدى. رەب ئەيسا يەنە بىر قېتىم ئۇلارغا كۆرۈنۈپ: «ئامان بولۇڭلار!»دېدى. ھەزرىتى ئەيسا توماسقا:«بارمىقىڭنى بۇ يەرگە تەگكۈزۈپ، قوللىرىمغا قارا! قولۇڭنى ئۇزىتىپ، بىقىنىمدىكى جاراھەتكە تەگكۈزۈپ باق! گۇمان قىلماي، ماڭا ئىشەن!» دېدى. توماس ئەمدى گۇمانلانمىدى. ئۇ رەب ئەيساغا سەجدە قىلىپ: «ئى رەببىم، سەن مېنىڭ خۇدايىم!» دېدى.



« مېنىڭ رەببىم، مېنىڭ خۇدايىمىم »

ھەزرىتى ئەيسا: «توماس، سەن مېنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ ئاندىن ئىشەندىڭ، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ماڭا ئىشەنگەن ئادەملەر نېمىدېگەن بەختلىك-ھە!» دېدى.

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق ئېتىقادچىلارغا كۆرۈنۈشى

بىر كۈنى ھەزرىتى ئەيسا دېڭىز بويىدا شاگىرتلىرىغا يەنە كۆرۈندى. شاگىرتلىرى پۈتۈن بىر كېچە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن تور تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇ بېلىق تۇتالمىغانىدى. ھەزرىتى ئەيسا: «تورنى قېيىقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تاشلاڭلار»- دېدى. شاگىرتلىرى رەببىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تورنى ئوڭ تەرەپكە تاشلىۋىدى، تورلىرى لىق بېلىققا تولدى. ئۇلار قىرغاققا يېتىپ كەلگەندە،

ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا تاماق تەييارلاپ بولغانىدى. ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىغا: «كېلىپ تاماق يەڭلار»دېدى.

ھەزرىتى ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن زېمىندا 40 كۈن ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى. كۆپ ئادەملەر ئۇنى كۆردى. «مۇقەددەس كىتاب»تا خاتىرىلىنىشىچە ھەزرىتى ئەيسا ئۆز شاگىرتلىرىغا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئون قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈنگەن. بىر قېتىم ئۇ 500 دىن ئارتۇق ئۆزىگە ئىشەنگۈچىلەرگە كۆرۈنگەن. ھەزرىتى ئەيسانى ئۆلۈمدىن كېيىن كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ تىرىلگەنلىكىدىن قىلچىمۇ گۇمانلانمىغان. ئۇ كىشىلەر ئەيسانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان. ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاللىقاچان تىرىلگەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن!

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى

ھەزرىتى ئەيسا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى جەلىلىيەدىكى بىر تاغدا ئۆز شاگىرتلىرىغا كۆرۈنۈپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق ھوقۇق ماڭا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلدى». (ئىنجىل:«ماتتا» 28-باب 18-ئايەت)

بۇ نېمىدېگەن ئاجايىپ بىر سۆز-ھە! تېخى بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ھەزرىتى ئەيسا رىم ئەسكەرلىرىنىڭ كىرېستتە ھاقارەتلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بولسا ئۆلۈمدىن تىرىلگەن ئەيسا ئۆز شاگىرتلىرىغا ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق ھوقۇقنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ. ئاندىن ھەزرىتى ئەيسا ئۆز شاگىرتلىرىغا مۇنۇ بۇيرۇقنى بەردى:

«سىلەر دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا بېرىپ، خۇش خەۋەرنى ھەربىر ئادەمگە يەتكۈزۈڭلار». (ئىنجىل: «ماركوس» 16-باب 15-ئايەت)

«خۇش خەۋەر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىز ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆلگەنلىكى ۋە ئاندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ بىز ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ھايات قۇتقۇزغۇچىمىز بولغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا مۇشۇ خۇش خەۋەرنى ھەربىر ئادەمگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىغا ناھايىتى قىممەتلىك بولغان بىر ۋەدىنى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرگە ئەمر قىلغىنىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن تەلىم بېرىڭلار». (ئىنجىل:«ماتتا» 28-باب 20-ئايەت)



(هەزرىتى ئەيسا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى)

شاگىرتلار ھەزرىتى ئەيساغا قاراپ تۇرغان چاغدا، ھەزرىتى ئەيسا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. بىر پارچە بۇلۇت ھەزرىتى ئەيسانى ئورىۋېلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ ھەم شاگىرتلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىپ بولىدۇ. رەب ئەيسا شان-شەرەپ ئىچىدە ئۆلۈمدىن تىرىلگەن بەدىنى بىلەن جەننەتكە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىدا مىخنىڭ ئىزلىرى، قوۋۇرغىلىرىدا نەيزىنىڭ ئىزى ۋە بېشىدا بولسا تىكەندىن ياسالغان تاجنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى بار ئىدى.

## خۇدا رەب ئەيسانى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى قىلىپ تىكلىدى

«مۇقەددەس كىتاب» ئىنجىل بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدىكى، ھەزرىتى ئەيسا جەننەتكە قايتىپ كەلگەندە، ئاسماندىكى ئاتىمىز ئۇنىڭغا ئەڭ شەرەپلىك ئورۇننى ئىلتىپات قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ ھەزرىتى ئەيسانى ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزىدۇ. ئۇ ھەزرىتى ئەيسانى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى قىلىپ تىكلەيدۇ.

ھەزرىتى ئەيساغا ئىلتىپات قىلىپ بېرىلگەن ئورۇن پۈتكۈل كائىناتتىكى بارلىق ھوقوقتىنمۇ ئۈستۈندۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا يېزىلغىنى بويىچە خۇدا «بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا قويىدۇ». بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ ھوقوقى ئاستىدا بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. ھەزرىتى ئەيسا ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق ھوقوققا ئىگە.

## خۇدانىڭ مۇقەددەس روھنى ئەۋەتىشى

رەب ئەيسا كرېستقا مىخلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆز شاگىرتلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن پات ئارىدا ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە شاگىرتلىرىغا ئاتىسىدىن

بىر يارادەمچىنى ئەۋەتىشكە ئۆتىنىدىغانلىقى ۋە ياردەمچىنىڭ ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا ھەزرىتى ئەيسا شان-شەرەپكە ئىگە بولماي تۇرۇپ مۇقەددەس روھ كەلمەيدۇ، دەپ ئالدىن ئېيتىلغان. پەقەت رەب ئەيسا جەننەتكە قايتقاندىن كېيىن ھەم بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن مۇقەددەس روھ چۈشىدۇ. («يۇھاننا» 7-باب 39-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا يېرۇسالېمدا مۇقەددەس روھنىڭ چۈشىشىنى كۈتۈشنى بۇيرۇيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا تىرىلىپ 50- كۈندى، يەنى ھوسۇل يىغىش بايرىمى كۈنى شاگىرتلار توپلىنىپ بىر ئۆيگە جەم بولغاندى. ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ۋەدىسىنى ئېسىدە تۇتۇپ مۇقەددەس روھنىڭ چۈشۈشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

توساتتىن، ئاسماندىن قاتتىق بوران چىققاندەك ئاۋاز كېلىپ پۈتۈن ئۆينى قاپلىدى. خۇددى ئادەمنىڭ تىلىغا ئوخشايدىغان ئوت يالقۇنى ئۆيدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشتى. مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېنىگە چۈشتى!

مۇقەددەس روھنىڭ كەلگەنلىكىدىن شاگىرتلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ شان-شەرەپكە ئىگە بولغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى قىلىپ تىكلەنگەنلىكىنى بىلىشىدۇ. ھوسۇل يىغىش بايرىمى كۈنى پېترۇس يەھۇدىيلارغا مۇنداق دەيدۇ:

> «ئەمدى ئىسرائىلىيەنىڭ بارلىق خەلقى شۇنى ئېنىق بىلسۇنكى، سىلەر كرېستقا مىخلىغان ئەيسانى خۇدا رەب ۋە مەسىھ قىلىپ تىكلىدى». (ئىنجىل:«ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 2-باب 36-ئايەت)



(ئەيسا مەسىھ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى)

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، شاگىرتلار زور قۇدرەتكە ئېرىشتى. ئۇلارغا تونۇشلۇق بولغان ئاشۇ كىشى، يەنى ئەيسا مەسىھ ھازىر ئاسماندىكى تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ھەممىنىڭ خۇداسىدۇر، ئۇ يەنە ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ دوستى ھەم خۇداسىدۇر. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھەممە جايلارغا بېرىپ ئۇ( ھەزرىتى ئەيسا) توغرۇلۇق سۆزلىمەكتە.




(ئادەمئاتىنىڭ پەرزەنتلىرى) (خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى)

## ھەزرىتى ئەيسا- يېڭى بىر خەلقنىڭ باشلىقىدۇر

ئاسماندىكى ئاتىمىز ھەزرىتى ئەيسانى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنى بىر يېڭى خەلقنىڭ باشلىقى قىلىپ تىكلىدى. بۇ يېڭى خەلق «خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، بۇ دۇنيادا ئىككى چوڭ ئائىلە خەلقى بار بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ بىردىن باشلىقى بار. ئادەمئاتىدىن تۇغۇلغان گۇناھقا تولغان ئائىلە خەلقى ئادەمئاتىنى باش قىلىدۇ، ئەمما خۇداغا مەنسۇپ بولغان بۇ يېڭى ئائىلە خەلقى بولسا ئەيسا مەسىھنى باش قىلىدۇ.

## بىز چوقۇم يېڭىباشتىن تۇغۇلىشىمىز كېرەك

بىز ھەر بىرىمىز تۇغۇلغان چېغىمىزدىن تارتىپلا ئادەمئاتىنىڭ گۇناھقا تولغان ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولىمىز. ئادەمئاتىنىڭ گۇناھقا تولغان ئائىلە كىشىلىرى ئىچىدە خۇدا قوبۇل قىلغۇدەك بىرمۇ ئادەم يوقتۇر ھەم بىرمۇ ئادەم خۇدانىڭ نەزىرىدە پاك ئەمەستۇر. ئادەمئاتىغا مەنسۇپ بولغان ئائىلە كىشىلىرى ئىچىدە بىرمۇ ئادەم خۇدانىڭ ئۆلچىمىگە يېتەلمەيدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ھەققانىي ئادەم يوقتۇر، ھەتتا بىرىمۇ ...چۈنكى ھەممە ئادەم گۇناھ سادىر قىلىپ خۇدانىڭ شان-شەرىپىدىن مەھرۇم قالغان». (ئىنجىل:«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3-باب 10-، 23-ئايەتلەر)

بىز قانداق قىلىپ ئادەمئاتىنىڭ گۇناھقا تولغان ئائىلىسىدىن ئەيسا مەسىھنىڭ ئائىلىسىگە كىرەلەيمىز؟ ئەيسا مەسىھنىڭ ئائىلىسىگە كىرىشتە پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ بىز چوقۇم يېڭىباشتىن تۇغۇلۇشىمىز كېرەكتۇر. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«...ھېچكىم يېڭىباشتىن تۇغۇلمىغۇچە، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى كۆرەلمەيدۇ». (ئىنجىل:«يۇھاننا» 3-باب 3-ئايەت)

ئۇنداقتا «يېڭىباشتىن تۇغۇلۇش» دېگەن نېمە؟ بۇنىڭ مەنىسى روھىي جەھەتتىكى تۇغۇلۇش ئارقىلىق، خۇدانىڭ ئائىلىسىگە كىرىش دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. بىز تەن جەھەتتە يەنە يېڭىباشتىن تۇغۇلالمايمىز، ئەمما روھ جەھەتتە بولسا بىز مۇقەددەس روھقا تايىنىپ يەنە يېڭىباشتىن تۇغۇلالايمىز. بىزنىڭ يېڭىباشتىن تۇغۇلۇشىمىز بولسا خۇدانىڭ خىزمىتى، يەنى خۇدانىڭ ئادەملەرنىڭ ھەققىي توۋا قىلىشى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئارقىلىق پۈتتۈرىدىغان خىزمىتىدۇر.

كېيىنكى ئىككى دەرستە بىز «توۋا قىلىش» ۋە «قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشەنچ» ئۈستىدە توختىلىمىز.

## بايقالغان ھەقىقەت

**ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق ھوقۇق ئەيسا مەسىھتە. ئۇ بارلىق مەۋجۇداتلار-نىڭ خۇداسىدۇر!**

## پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

«ماتتا» 28-باب
«ماركوس» 16-باب
«لۇقا» 24-باب 1 — 12
«يۇھاننا» 20-باب




# ئون پەرمان

## يەتتىنچى پەرمان

«زىنا قىلىشقا بولمايدۇ.» (تەۋرات «مىسىردىن چىقىش كىتابى» 20ـباب 14ـئايەت)

ئەڭ دەسلەپتە خۇدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنى ياراتقان. ئۇلار ئۆزئارا بىربىرىگە ئۆمۈرلۈك ھەمرا بولىدۇ. مانا بۇ خۇدانىڭ نىكاھقا بولغان ئورۇنلاشتۇرۇشدۇر.

خۇدا ئادەملەرنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشى ۋە توي قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىربىرىنى خۇشال قىلىشى ئۈچۈن جىنسىيەتنى ئىلتىپات قىلىپ بەرگەن. توي قىلغان ئەر ۋە ئايال ئىككى تەرەپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق بىربىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ نىكاھتىكى بىر چوڭ ئىلتىپات ۋە ئالاھىدە ھوقوقتۇر. خۇدا بۇ ئىلتىپاتنى قوغداش ئۈچۈن بىزگە يەتتىنچى پەرماننى، يەنى «زىنا قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈرىدۇ.

بۇ پەرمان بارلىق قالايمىقان جىنسىي ئالاقىلەرنى چەكلەيدۇ. زىنا قىلىش نىكاھلانغان بىرتەرەپنىڭ ئۆز ھەمرىيىدىن باشقا بىرى بىلەن قىلغان جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇزۇقچىلىق قىلىش بولسا تېخى توي قىلمىغان ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەر ئىككى خىل زىنا ياكى بۇنىڭدىن باشقا خىلدىكى زىنالارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇدا بىزنىڭ سىرتقى ھەرىكىتىمىزگە قاراپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ ئوي-پىكىرىمىزگە ۋە نىيەتلىرىمىزگە تېخىمۇ بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. سىز پەقەت ئۆز ھەرىكىتىڭىز بىلەن زىنا قىلسىڭىز بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئەگەر مەلۇم بىر ئادەمنى كۆرۈپ كۆڭلىڭىزدە شۇ ئادەم بىلەن زىنا قىلىش نىيىتى پەيدا بولسىمۇ يەنە شۇ يەتتىنچى پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان بولىسىز. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«...شەھۋەت بىلەن ئايالغا قارىغان كىشى، قەلبىدە شۇ ئايال بىلەن زىنا قىلغان بولىدۇ». (ئىنجىل:«ماتتا» 5-باب 28-ئايەت)

# سەككىزىنچى پەرمان

«ئوغرىلىق قىلىشقا بولمايدۇ». (تەۋرات:«مىسىردىن چىقىش كىتابى» 20-باب 15-ئايەت)

ئوغرىلىق قىلىش بولسا ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنى ئېلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. قېنى بىز ئوغرىلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئىشلارنى كۆرۈپ باقايلى: ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوغرىلىق ھامان ئوغرىلىق بولىدۇ. گەرچە ھېچكىم كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئوغرىلىق گۇناھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بايلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى بۇلاش بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاش ئوخشاشلا گۇناھتۇر. بەزى ئادەملەر ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاشنى ئويلىمايدۇ، بىراق چوڭ شىركەتلەرنىڭ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاش نىيىتىدە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا گۇناھتۇر.

يەنە باشقا خىلدىكى ئوغرىلىق قىلمىشلارمۇ بار. مەسىلەن، ئىمتىھان ۋاقتىدا باشقىلارنىڭكىدىن كۆچۈرۈش، ياندۇرۇپ بېرىلگەن پۇل كۆپ بولۇپ كەتسە غىڭ قىلماي يانچۇققا سېلىش قاتارلىقلار. قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزنى قايتۇرماسلىقمۇ ئوغرىلىققا باراۋەردۇر.

ئەگەر سىز ئوغرىلىق قىلغان بولسىڭىز، توۋا قىلسىڭىزلا كەچۈرۈمگە ئېرىشەلەيسىز. خۇدانىڭ سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى سىزنىڭ باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشىڭىزدۇر.

بىر ئادەم ھەزرىتى ئەيساغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن قىلىدىغان تۇنجى ئىشى ئۆزى بۇرۇن رەنجىتىپ قويغان ئادەم بىلەن ئەپلىشىپ قىلىشتۇر. سىز باشقىلار بىلەن ئەپلىشىپ قىلىشنى خالىماي تۇرۇپ، ياش تۆكۈپ كەچۈرۈم سورىغىنىڭىزنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

## سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. ھەزرىتى ئەيسا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەدىنى ( )
(1) يەرگە كۆمۈلدى.
(2) كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن جامائەت سورۇنلىرىغا قويۇلدى.
(3) قورامتاشتىن ئويۇلغان قەۋرىگە قويۇلدى.

2. دىنىي يېتەكچىلەرنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىدىن قورقىشىدىكى سەۋەب ( )
(1) ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىشى.
(2) ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ جەسەتنى ئوغرىلاپ ئۇنى تىرىلدى دەپ جاكارلىشى.
(3) كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشى.

3. شاگىرتلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ قەبرىدىن تىرىلىپ چىققانلىقىنى بىلدى. چۈنكى، ( )
(1) نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.
(2) ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكى توغرۇلۇق ئالامەتلەرنى كۆردى.
(3) ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن ئۇنى كۆردى، ئۇنى تۇتتى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تاماقتا بولدى.

4. توماس ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، ئۇ ( )
(1) تاكى ھەزرىتى ئەيسانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگىچە ئۇنىڭغا ئىشىنىشنى رەت قىلدى.
(2) باشقا بىرسى ئەيسادەك ياسىنىۋالدىمىكىن دەپ ئويلىدى.
(3) ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن رەب ئەيسانى كۆرۈشكە يۈگۈردى.

5. رەب ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەر يۈزىدە ( ) تۇردى.
(1) بىر كۈن.
(2) ئىككى ھەپتە.
(3) 40 كۈن.

6. ھەزرىتى ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن، قانچە ئادەم ئۇنى كۆردى؟ ( )
(1) پەقەت ئۇنىڭ يېقىن شاگىرتلىرىدىن بىر نەچچىسىلا.
(2) 500 دىن ئارتۇق ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ئادەملەر.
(3) 100 دىن ئارتۇق ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ئادەملەر.

7. رەب ئەيسا جەننەتكە قايتقاندىن كېيىن، ئاسماندىكى ئاتا قانداق ئۇسۇلدا ئۇنى شان-شەرەپكە ئىگە قىلدى؟ ( )
(1) ئۇنى بارلىق پەرىشتىلەرنى باشقۇرغۇزدى.
(2) پۈتۈن زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزدى.
(3) بارلىق مەۋجۇداتنىڭ خۇداسى قىلىپ تىكلىدى.

8. رەب ئەيسادا ( )
(1) ئاسماندىكى ھوقۇقلا بولۇپ، يەر-زېمىندىكى ھوقۇق يوق.
(2) ئاسمان ۋە يەر-زېمىندىكى ھوقۇقنىڭ ھەممىسى بار.
(3) ئاسماندىكى ھوقۇقى يەر-زېمىندىكى ھوقۇقىدىن كۆپرەك.

9. مۇقەددەس روھ ھوسۇل يىغىش بايرىمى كۈنى شاگىرتلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ، بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى ( )
(1) ھەزرىتى ئەيسا شان-شەرەپكە ئىگە بولۇپ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ خۇداسى بولدى.
(2) ئۇلار ھازىر قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتى.
(3) خۇدا ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ.

10. «يېڭىباشتىن تۇغۇلۇش» نىڭ مەنىسى ( )
(1) سۇغا چۆمۈلۈپ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە قاتنىشىش.
(2) روھىي جەھەتتىكى تۇغۇلۇش ئارقىلىق خۇدانىڭ ئائىلىسىگە كىرىش.
(3) ئۆزگىرىپ تېخىمۇ ياخشى ھايات كەچۈرۈش.

## بۇ دەرستە سىز ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت نېمە؟

________________________________________
________________________________________
________________________________________

# يەتتىنچى دەرس

## مەن قانداق قىلسام قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيمەن؟

(بىرىنچى قىسىم)



«خۇدا... بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن ئىنسانلارنى گۇناھلىرىغا تووۋا قىلىپ ئۇنىڭ يولىغا قايتىشقا بۇيرۇماقتا!»
(«ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 17-باب 30-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

ئەيسا مەسىھنىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت خۇدانىڭ ئالىلىقاچان ھەربىر ئادەمگە قۇتقۇزۇلۇشنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىز چىن قەلبىمىزدىن بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم بىرىنچىدىن تووۋا قىلىشىمىز، ئىككىنچىدىن ئىشىنىشىمىز، ئۈچۈنچىدىن ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بىز بۇ دەرستە تووۋا قىلىشنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىمىز. كېيىنكى دەرستە «ئىشىنىش» ۋە «قوبۇل قىلىش» نىڭ نېمىلىكىنى تەھلىل قىلىمىز.

## تووۋا قىلىش دېگەن نېمە؟

تووۋا قىلىش توغرىسىدا «يېڭى ئەھدە»دە 50تىن ئارتۇق جايدا توختالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن تووۋا قىلىش قۇتقۇزۇلۇشتا كام بولسا بولمايدۇ. رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«گۇناھلىرىڭلارغا تووۋا قىلمىساڭلار، سىلەرمۇ ھالاك بولىسىلەر». (ئىنجىل: «لۇقا» 13-باب 3- ئايەت)

تووۋا قىلىش پەقەت گۇناھلىرىمىزغا قايغۇرۇش ئەمەس. يودا ھەزرىتى ئەيساغا ساتقۇنلۇق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. لېكىن، تووۋا قىلمىدى. تووۋا قىلىش مەلۇم بىر گۇناھتىن قول ئۈزۈشمۇ ئەمەس. نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ مەلۇم گۇناھلاردىن قول ئۈزۈشى خۇدانى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ

سالامەتلىكى، كەسپى، ئائىلىسى ۋە نام-شەرەپى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ توۋا قىلىش ئەمەستۇر.




ئۇنداقتا توۋا قىلىش دېگەن نېمە؟ توۋا قىلىش — چىن قەلبتىن گۇناھ ئۈچۈن قايغۇرۇش ھەم گۇناھتىن ۋاز كېچىپ، خۇداغا يۈزلىنىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە مېڭىشتۇر. توۋا قىلىش قەلبتىكى پوزىتسىيەنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھەرىكەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتۇر.



(توۋا قىلىش: ئوي-پىكىردىكى ئۆزگىرىش)

داۋۇت پەيغەمبەر ھەقىقىي توۋا قىلىشنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

> «مەن ماڭغان يوللىرىمنى ئويلاپ، سېنىڭ قانۇنلىرىڭغا قايتىمەن. مەن سېنىڭ بۇيرۇقلىرىڭغا ئەمەل قىلىشقا ئالدىرايمەن، ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرمەيمەن». («زەبۇر» 119-باب 59-، 60- ئايەتلەر)

تۆۋەندىكى مىسال بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم توۋا قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ناھايىتى دانىشمەن، مېھرىبان بىر پادىشاھ بار دەپ پەرەز قىلايلى. ئۇ دۆلەتنى جان-دىل بىلەن كۆيۈنۈپ باشقۇراتتى. بىر كۈنى پۇقرالار تۇيۇقسىز بىكاردىن-بىكار توپىلاڭ كۆتەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەرىكىتى ئارقىلىق قورال كۈچى بىلەن پادىشاھلىقنى ئۆرۈۋېتىش نىيىتىدە بولدى. ھەتتا ئۇلار ئادەم توپلاپ بىرلىكتە توپىلاڭ كۆتەردى. ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن بۇ خائىنلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانىدى. لېكىن، بۇ پادىشاھ رەھىمدىل بولغاچقا ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قورالنى تاشلاپ، گۇناھىنى تونىغانلارنى كەچۈرىدىغانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىدىن داۋاملىق بەھرىمان بولىدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق قىلىشنى رەت قىلغانلارغا بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

بىز دەل بۇ پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن خائىنغا ئوخشايمىز. چۈنكى، ھەممىمىز خۇداغا قارشى چىقتۇق. «مۇقەددەس كىتاب»تا «بويىنى قاتتىق ئادەملەردىكى روھ» توغرۇلۇق توختىلىدۇ. («ئەفەسلىكلەر» 2-باب 2-ئايەت)

بۇ روھ دەل ئىسيانچى روھتۇر. مۇنداق روھ دائىم: «مەن خۇداغا بويسۇنمايمەن! مەن ئۆزۈمنىڭ يولى بويىچە ماڭىمەن» دەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان پوزىتسىيە يەنىلا ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بىز ئازغان قوي پادىلىرىمىز، ھەر بىرىمىز يولدىن چەتنىگەنمىز». («يەشايا» 53-باب 6-ئايەت)



(ھەر بىرىمىز يولدىن چەتنىگەنمىز)

بەزى ئادەملەر ئاكتىپ ھالدا تەپتارتماستىن خۇداغا قارشى چىقىدۇ. بەزىلەر بولسا خۇدانى ھاياتىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى، ئائىلىسىنى ۋە كەسپىنى خۇددى خۇدا مەۋجۇت ئەمەسدەك باشقۇرىدۇ. بۇ ئىككى

خىل ئىنكاس بىر خىل پوزىتسىيەدىن، يەنى قەلبتىن خۇداغا قارشى چىقىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ قۇتقۇزۇلغانلار مەسىھنىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىدۇ. خۇدا ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقى بولۇشنى بەلگىلىگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مەسىھ ئۆزىنىڭ قۇتۇلدۇرغان خەلقىگە مەڭگۈ مەسئۇل بولىدۇ دەپ يېزىلغان. خۇدا بىزنى كەچۈرىدۇ  ھەم بىزنى ئوغلىنىڭ پادىشاھلىقىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ مەسىھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ. بۇرۇن بىز ئۆزىمىز خالىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلغان. بىز قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، چوقۇم مەسىھكە بويسۇنۇشىمىز، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ رەببى ۋە پادىشاھى قىلىشىمىز كېرەك.

ئەگەر بىر ئادەم قەلبىدە يەنىلا خۇداغا قارشى چىقسا، بۇ ئادەم كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ مەسىھنىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلەمدۇ، يوق؟ ئەلۋەتتە كىرەلمەيدۇ. مەسىھنىڭ پادىشاھلىقى ھەرگىزمۇ ھەرقانداق خائىننى سىغدۇرالمايدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا كىرمەكچى بولساق، پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشىمىز، كەمتەرلىك بىلەن بىزنى كەچۈرۈم قىلىشنى تىلىشىمىز كېرەك. بىز مۇشۇنداق قىلغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، بىزنى خۇشاللىق بىلەن كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «يامان ئادەملەر ئۆزىنىڭ يولىدىن ئايرىلسۇن. ناپاك ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ غەرەزلىرىنى تاشلاپ، خۇداغا يۈزلەنسۇن. خۇدا ئۇلارغا رەھىم قىلىدۇ. خۇدايىمىزغا يۈزلىنەيلى! چۈنكى، خۇدا كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈم قىلىدۇ». («يەشايا» 55 ـ باب 7 ـ ئايەت)

# توۋا قىلىش خۇدانىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىشنىڭ شەرتى

توۋا قىلىش زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئۇ خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ شەرتى. ئەگەر بىر ئادەم جاھىل قەلبىدىن ۋاز كەچمىسە ھەم شەخسىيەتچىلىك يولىدىن قايتمىسا، خۇدا ئۇنى ھەرگىزمۇ كەچۈرۈم قىلمايدۇ.

مەلۇم بىر شەھەرنىڭ باشلىقى تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. بىر كۈنى ئۇ شەخسەن ئۆزى تۈرمىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى بىلمەكچى بولدى-دە، ئاددىي پۇقرا سياقىدا ياساندى ھەم گۇندىپايغا ئۆزىنىڭ سالاھىيتىنى ئاشكارىلىماسلىقنى تاپىلىدى. شەھەر باشلىقى جىنايەتچىلەرنىڭ ئىچىدىكى ياش بىر قاتىلغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئادەم مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. شەھەر باشلىقى ئۇنىڭدىن قايتا ئەركىنلىككە ئېرىشكىسى بار يوقلىقىنى سورىغاندا ئۇ ياش: «ئەلۋەتتە، مەن ئەركىنلىككە

چىقىشقا تەلپۈنمەن، لېكىن مەن بۇنداق پۇرسەتنىڭ ماڭا بار ياكى يوقلىقىدىن گۇمانلىنىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شەھەر باشلىقى ئۇنىڭدىن يەنە: «ئەگەر سەن ئەركىنلىككە ئېرىشسەڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىڭ نېمە؟» دەپ سورايدۇ. بۇ ياش يىگىت قارشى تەرەپنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەچكە، سوغاققىنا جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىم مېنى تۈرمىگە سولىغان سوتچىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش» دەيدۇ. ئۇنى كەچۈرۈشكە ھوقۇقلۇق بۇ شەھەر باشلىقى بۇ ياشنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى قايغۇرغان ھالدا ئۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىدىن يانمىغان بىر ھاياتلىققا داۋاملىق ئەسكى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىش بۇيرىقىنى بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

تۇۋا قىلىش پەقەت گۇناھىغا قايغۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر گۇناھتىن ئايرىلىشتۇر. بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، مەلۇم بىر گۇناھتىن قول ئۈزۈشكە ئامالسىزمىز. بىراق بىز قول ئۈزۈشنى خالىساقلا، خۇدا چوقۇم بىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەسلىكىمىزدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ گۇناھكارلىقىمىزنى ھەم بىر قۇتقۇزغۇچىغا موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى كۆرەلمەسلىكىمىزدە. خۇدا بىزنى ياخشى كۆرگەچكە ئۇ مۇقەددەس روھنى بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ گۇناھىنى بىكىتىشكە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن قۇتقۇزغۇچىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «ئۇ (مۇقەددەس روھ) كەلگەندە بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرىگە گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ھەققانىيلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە تاڭلا قىيامەتتە سوراققا تارتىلىشنىڭ جەزمەن بولىدىغانلىقىنى كەسكىن كۆرسىتىدۇ». («يۇھاننا» 16ـ باب 8ـ ئايەت)

بىز بۇ دەرسلىكنى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى يەنە ئون پەرماننى ئۆگەندۇق. خۇدانىڭ ئون پەرمانى خۇددى نۇرغۇنلىغان تۆمۈر ھالقىلار قوشۇلۇپ بىر زەنجىرنى ھاسىل قىلغاندەك بىر پۈتۈن قانۇندۇر. سىز زەنجىرنى بۇزۇۋېتىش ئۈچۈن ھەر بىر ھالقىنى بۇزىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت بىرلا ھالقىنى بۇزسىڭىز بۇ زەنجىر بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش سىز ئون پەرمان ئىچىدىكى خالىغان بىرگە خىلاپلىق قىلسىڭىز، سىز ئالللىقاچان خۇدانىڭ «مۇقەددەس قانۇن»نىغا خىلاپلىق قىلغان بولىسىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «خۇدانىڭ پۈتۈن قانۇنىغا ئەمەل قىلىپ، پەقەت ئۇنىڭ بىر پەرمانىغىلا خىلاپلىق قىلغان كىشى خۇدانىڭ نەزىرىدە

پۈتـۈن قانۇنغـا خىلاپلىـق قىلغـان ئادەمگـە ئوخشـاش گۇناھكـار بولىـدۇ». («ياقـۇپ يازغـان خـەت» 2ـ بـاب 10ـ ئايەت)

بىز تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرەيلى.

سىز خـۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىـق قىلىـپ باققانمۇ، يـوق؟ سـىز گۇناھىڭىـز ئۈچۈن قايغۇرۇپ باققانمۇ، يوق؟

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى خـۇدا سىزگە مېھرىبانلىق بىلـەن گـەپ قىلماقتـا. ئۇ سىزنىڭ پۈرسەتنىڭ بار ۋاقتىدا ئۆزىگە يۈزلىنىشىڭىزنى كۈتىدۇ. ئەگەر بىـز، بىـزدە خاتالىق يوق دېسەك، بۇ ئۆزـئۆزىمىزنى ئالدىغانلىق بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«گۇنـاھ قىلمىـدۇق دېسـەك، خۇدانـى يالغانچـى قىلىـپ قويغـان بولىمىـز ۋە ئۇنىـڭ سـۆزى قەلبىمىـزدىن ئورۇن ئالمىغان بولىدۇ». («يۇھاننا يازغان 1ـ خەت» 1ـ بـاب 8ـ، 10ـ ئايەت)

خـۇدا بىـزدىن ئۆزىمىـزنىڭ گۇناھىغـا پۈتۈنلـەي ئۆزىمىـزنىڭ مەسئـۇل بولۇشىمىزنـى، باشقىلارغـا ئارتىـپ قويماسلىقىمىزنـى ھـەم باھانـە كۆرسەتمەسلىكىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز چوقـۇم سەمىمىيلىك بىلـەن ئۇنىـڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا، «ئىي خۇدا مېنىڭ ئەمدى ھېچقانداق باھانەم يـوق، مـەن گۇناھكارمەن. سېنىڭ جازايىڭغا ۋە غەزىپىڭگە ئۇچراشقا لايىقمەن» دېيىشىمىز كېرەك.

# توۋا قىلىش گۇناھ ئۈچۈن ئازابلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

ھەرقانداق بىر گۇناھ خۇدانى رەنجىتىدۇ. بىـز ئوغـرىلىق قىلساق، قارشـى تەرەپنى رەنجىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خۇدانىمۇ رەنجىتىمىز. چۈنكـى، ئۇ «ئوغرىلىق قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن. بىـز يالغـان سۆزلىگىنىمىـزدە «يالغـان گۇۋاھلىق بېرىشكە بولمايـدۇ» دېگـەن پەرمانغـا خىلاپلىـق قىلىـپ، خۇدانـى رەنجىتىمىز. بىز خـۇدانىڭ نامىنى قالايمىقان ئىشلەتكەنـدە «خـۇدايىڭ بولغـان رەببىڭنىڭ نامىنى قالايمىقان تىلغا ئالما» دېگەن پەرمانغا خىلاپلىق قىلغـان بولىمىز.

توۋا قىلىش ھەربىرىمىزنىڭ يامان ئىشلىرىمىز تۈپەيلىدىن خۇدانى رەنجىتكەندىن كېيىن، خۇدانىڭ ئارزۇسى بويىچە گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئازابلىنىشتۇر. داۋۇت پەيغەمبەر ئىسرائىلىيە دۆلىتىدىكى ئەڭ چوڭ پادىشاھ ئىدى. خۇدا ئۆزىمۇ داۋۇت پەيغەمبەرنى نىيىتىمدىكى ئادەم دەپ ئېيتقان. لېكىن، بىر قېتىم داۋۇت پەيغەمبەر ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ باتشېبا ئىسىملىك چىرايلىق ئايال بىلەن زىنا قىلىدۇ. كېيىن داۋۇت پەيغەمبەر گۇناھىنى يوشۇرۇش ۋە باتشېبا بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن ئامال قىلىپ، باتشېبانىڭ ئېرىنى جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرگۈزىۋېتىدۇ. داۋۇت بىر مەزگىل ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ياپىدۇ. لېكىن، «مۇقەددەس كىتاب»تا خۇدانىڭ داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى يېزىلغان. خۇدا ناتان ئىسىملىك بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، داۋۇت پەيغەمبەرگە ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدۇرغۇزىدۇ. داۋۇت پەيغەمبەر زىنا قىلغان ۋە قەستلەپ ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلغاندا، ئۇ ئۆز گۇناھلىرىغا باھانە كۆرسەتمەيدۇ ھەم باشقىلارغا ئارتىپ قويمايدۇ. ئۇ پۈتۈن قەلبى بىلەن ئۆزىنىڭ گۇناھىغا توۋا قىلىدۇ. «زەبۇر»نىڭ 51-بابىدا داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ گۇناھىنى قانداق تونۇغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

> «ئاھ، خۇدا مېھىر-مۇھەببىتىڭ بىلەن ماڭا رەھىم قىلىشىڭنى تىلەيمەن. مول مېھىر-مۇھەببىتىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن. گۇناھلىرىمنى يۇغايسەن. گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، چۈنكى مەن خاتالىقلىرىمنىڭ، گۇناھلىرىمنىڭ دائىم كۆز ئالدىمدا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن». («زەبۇر» 51-باب 1—3-ئايەت)

داۋۇت پەيغەمبەر باتشېبا ۋە ئۇنىڭ ئېرىگە ھەم دۆلەتكە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلدى. داۋۇت پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ خۇداغا يۈز كېلەلمەيدىغان چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ:

> «مەن ئالدىڭدا گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، سېنى رەنجىتتىم. ئالدىڭدا بۇ گۇناھنى قىلىپ قويدۇم. ..»دېدى («زەبۇر» 51-باب 4-ئايەت)

بىز بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، داۋۇت پەيغەمبەر ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ھەقىقىي ئازابلاندى. ئۇ خۇدانىڭ خائىشى بويىچە قايغۇرۇپ، ھەقىقىي توۋا قىلدى. دېمەك خۇدانىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزغا نىسبەتەن تەلىپى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قايغۇرۇپ، ھەقىقىي توۋا قىلىشىمىزدۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ :

> «خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن چەككەن قايغۇ كىشىنى

قۇتقۇزۇلۇش بىلەن ئاياغلىشىدىغان توۋىغا ئېلىپ بارىدۇ.
بۇنداق تـوۋا كىشىنـى پۇشايمـان قىلدۇرمايـدۇ. دۇنيانىـڭ
غەم-قايغۇلىرى بولسا كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ».
(«كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 2-خەت» 7-باب 10-ئايەت)

## توۋا قىلىش بولسا قەلبتىكى پوزىتسىيەنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر

توۋا قىلىش بىزنىڭ بەزى ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىش دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ قەلبىمىزدىكى پوزىتسىيەنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر نۇقتا بىزنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن كرېستتا مىخلانغانلىقىنى كۆرۈشتۇر.

مەلۇم بىر ئېتىقادچى ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بالىلىق دەۋرىدە ئوغرىلىق قىلىش گۇناھىغا توۋا قىلغانلىقىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى:
«مەن مومامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدۇم. ئۇ ئىخلاسمەن ئېتىقادچى ئىدى. مومام مېنى ياخشى كۆرەتتى. مەنمۇ ئۇنى سۆيەتتىم. لېكىن، بالىلىق چېغىمدا، مەندە ئوغرىلىق قىلىدىغان يامان ئادەت بار ئىدى. بىز ناھايىتى كەمبەغەل ئىدۇق. شۇڭا مەن دائىم ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ تۇراتتىم. مەن مۇشۇ سەۋەبتىن دائىم مومامنىڭ جازاسىغا ئۇچرايتتىم. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ئوغرىلىق قىلىشنى توختاتمىدىم. ھەر قېتىم كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىنى كۆرسەم ئۇنى ئېلىۋالاتتىم. بىر كۈنى موماماما: «بالام ئوغرىلىق قىلىپ، دائىم مېنىڭ جازايىمغا ئۇچرىدىڭ، بىراق بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن. سېنىڭ داۋاملىق ئوغرىلىق قىلىشىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن. ئەگەر سەن بۇندىن كېيىن ئۆزۈڭگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىنى ئېلىپ كەلسەڭ، زىقنى قىززىتىپ ئالقىنىڭغا يېقىپ مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قىلىپ قويىمەن» دېدى. ئۇزۇن مەزگىل مەن ئوغرىلىق قىلمىدىم. چۈنكى، مەن مومامنىڭ دېگىنىنى چوقۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن، بۇ ئەسكى ئادىتىمنى ئۆزگەرتىش ناھايىتى تەس كېلىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئوغرىلىق قىلدىم. بىر كۈنى مەن يانچۇقىمنى پومپايتىپ ئۆيگە قايتتىم. موموم بۇنىڭغا دىققەت قىلغاندى. دەسلەپتە ئۇ گەپ قىلمىدى: ئاخىرى ئۇ چىدىيالماي ماڭا بۇيرۇق قىلىپ: «يانچۇقىڭدىكىنى چىقار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يانچۇقىمدىن بىر بەكە، ئىككى دانە توپ، بىر بورما ۋىنتا، بىر دانە ئۆچۈرگۈچ ۋە ئىككى تەڭگە قاتارلىق نەرسىلەرنى چىقاردىم. «بالام، سەن بۇ نەرسىلەرنى نەدىن ئالدىڭ؟» دەپ سورىدى موموم. مەن ئاۋاز چىقارمىدىم. موموم يەنە:«ماڭا ئېيتە، سەن بۇ نەرسىلەرنى نەدىن ئالدىڭ؟» دەپ سورىدى. مەن يەنە ئاۋاز چىقارمىدىم. موموم: «ياخشى، مەن دېگىنىمنى قىلىمەن» دېدى. موموم بېرىپ مايكا توقۇيدىغان زىقنى ئېلىپ، ئوتقا تىقىپ زىقنى قىپ-قىزىل قىلىپ قىززىتتى-دە، ماڭا: «قولۇڭنى چىقار» دېدى.

مەن قىلغىنىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ، قولۇمنى سۇندۇم. مەن جازاغا لايىق ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىم. مومام بىر دەم توختىۋېلىپ: «بالام، ساڭا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بىلدۈرۈش، گۇناھىڭنى تۈپ يىلتىزىدىن داۋالاش ھەم سېنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىقىڭ ئۈچۈن، مەن چوقۇم مۇشۇنداق قىلىشىم كېرەك. قارا» دېدى-دە، ئۆزىنىڭ ئالقىنىنى ئېچىپ، قىپ-قىزىل قىزدۇرۇلغان زىقنى ئالقىنىغا سانجىدى. پەقەت پاراس-پۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن يېنىك ئىشى ۋە سېسىق پۇراق چىقتى. ئاندىن مومام قولىنى سوزۇپ: «قارىغىنا» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن قايتا ئوغرىلىق قىلمىدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ، مەن گۇناھىمنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چۈشەندىم. بۇ ئادىتىم مېنى چوڭقۇر سۆيگەن ھەم مەنمۇ ياخشى كۆرگەن مومامنى نەقەدەر چوڭ بەدەل تۆلگۈزدى-ھە!

قانداق نەرسە ئاشۇ قىپ-قىزىل مايكا زىقنى مومايىنىڭ ئالقىنىغا سانجىتتى؟ ئۇ بولسىمۇ بالىنىڭ ئوغرىلىق قىلىش گۇناھى ئەمەسمۇ؟ يەنە قانداق نەرسە تۆمۈر مىخنى قۇتقۇزغۇچىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ پۇت-قولىغا مىخلاتتى؟ ئەجابا بۇ بىزنىڭ گۇناھىمىز ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ بەدىنىدىكى يارىلىرىنىڭ ۋە كرېستقا مىخلىنىشىنىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىسەك، ئۇ چاغدا بىز خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن قايغۇرۇپ توۋا قىلالمايمىز. بىز قۇتقۇزغۇچى ئەيسانىڭ كرېستقا مىخلىنىپ، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئازاب تارتىپ، قۇربان بولغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن يۈرىكىمىز پارە-پارە بولۇپ، مەسىھنىڭ كرېستتا قۇربان بولۇشىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيمىز. بىزمۇ ئەلچى پاۋلۇس بىلەن بىرلىكتە: «...ئۇ مېنى ياخشى كۆرگەچكە، مەن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى» دېيەلەيمىز.



# سىز ھەقىقىي توۋا قىلدىڭىزمۇ ـ يوق؟

خۇدا ھەممە جايدىكى ئادەملەرگە توۋا قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ سوراق كۈنىنىڭ يېقىنلاشقانلىقى توغرىسىدا كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بۇرۇنقى زامانلاردا خۇدا ‹ئۇلار مېنىڭ يوللىرىمنى بىلمەيدۇ› دەپ مۇنداق بۇتقا ئىشىنىدىغانلارغا كۆز يۇمدى، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن ئىنسانلارنى گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ ئۇنىڭ يولىغا قايتىشقا بۇيرۇماقتا! چۈنكى، ئۇ ئۆزى تاللىغان ئادەم ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى ئادىللىق بىلەن سوراق قىلىدىغان قىيامەت كۈنىنى بەلگىلىدى» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 17ـ باب 30ـ، 31ـ ئايەت)

خۇدا بىزگە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ، ھەزرىتى ئەيسانى قۇتقۇزغۇچىم، دەپ ئۇنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ئۆزى بىلەن مەڭگۈ جەننەتتە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. جەننەت بولسا رەب ئەيسانى سۆيۈپ ھەم ئۇنىڭ ھوقۇقىغا بويسۇنغان ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، خۇدامۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان، ئۆزىگە بويسۇنمايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن بىر جاينى تەييارلىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. دوزاخ بولسا، بارلىق بويىنى قاتتىق ھەم خۇداغا بويسۇنمايدىغانلارنىڭ مەڭگۈلۈك جايىدۇر. خۇدا ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ بۇ جايغا بېرىشىنى خالىمايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بەزىلەر رەببىمىزنى ۋەدىسىنى ئورۇنداشنى كېچىكتۈردى، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ۋەدىسىنى كېچىكتۈرۈشى سىلەرگە قارىتا سەۋر ـ تاقەت قىلغىنىدۇر. چۈنكى، خۇدا ھېچكىمنىڭ ھالاك بولۇشىنى خالىمايدۇ، بەلكى ئۇ بارلىق ئىنساننىڭ توۋا قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ». («پېترۇس يازغان 2ـ خەت» 3ـ باب 9ـ ئايەت)

ھازىر خۇدا بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىمىزنى تاللىشىمىزغا ۋاقىت بېرىۋاتىدۇ. ئۇ ھەربىرىمىزدىن:«سېنىڭ تاللىشىڭ قانداق؟ سەن ماڭا قارشى چىقماي، مېنىڭ ئىتائەتچان پەرزەنتىم بولۇشنى خالامسەن ياكى يەنىلا داۋاملىق ماڭا قارشى چىقامسەن؟» دەپ سورايدۇ. بىز ھەربىرىمىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى مەڭگۈلۈك ماكانىنى تاللىشىمىز لازىم.

خۇدا بىزنىڭ توۋا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىكى سەۋەبىدىن بىزنىڭ توۋا قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ مۇقەددەس روھىنى

ئىلتىپات قىلىپ، بىزنىڭ توۋا قىلىشىمىزغا ياردەم بەردى. لېكىن خۇدا بىر ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ: يەنى ئۇ بىزنىڭ ئەركىن تاللاش ھوقۇقىمىزنى ھەرگىز تارتىۋالمايدۇ. كەچۈرۈمگە ئېرىشمەكچى بولساق، بىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ئەركىن ئىرادىسى بىلەن توۋا قىلىشنى تاللىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت توۋا قىلىش يارالغۇچى بىلەن ياراتقۇچى خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ خۇدانى ئۆزىمىزنىڭ رەببى قىلىپ، ئۆزىمىزنى يارالغۇچىنىڭ ئورنىغا قويغانلىقىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. بىز: «ئىھ، مەن شەخسىيەتچىلىكتىن، ئۆزۈمنىلا ئويلايدىغان ھاياتتىن ۋاز كېچىشكە بەل باغلىدىم. بۇندىن كېيىن ھەرقانداق بەدەل تۆلىشىمدىن قەتئىنەزەر سىزنىڭ ئىرادىڭىز بويىچە ماڭىمەن» دېيەلەيمىز. مانا بۇ ھەقىقىي توۋا قىلىشتۇر. بۇ خۇدانى خۇرسەن قىلالايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلىدۇ:

> «خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىمۇ ھەربىر گۇناھكارنىڭ توۋا قىلغىنى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ». («لۇقا» 15-باب 10-ئايەت)

تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ. ئۇلار سىزنىڭ توۋا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

1. مەن گۇناھلىرىم ئۈچۈن چىن قەلبىمدىن ئازابلاندىممۇ-يوق؟
ھەئە　　　　ياق

2. مەن گۇناھلىرىمنىڭ رەب ئەيسانى كرېستقا مىخلاتقۇزغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىممۇ-يوق؟　ھەئە　　　　ياق

3. مەن گۇناھلىرىم ئۈچۈن چەكسىز ئازابلىنىپ، ئۇلاردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىشنى خالىدىممۇ-يوق؟　ھەئە　　　　ياق

4. مەن ھەرقانداق بىر گۇناھنى تاشلاشنى خالايمەن دېدىممۇ-يوق؟
ھەئە　　　　ياق

5. مەن خۇداغا قارشى چىققان قەلبىمنىڭ نەقەدەر يامانلىقىنى كۆرەلىدىممۇ-يوق؟　ھەئە　　　　ياق

6. مەن ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن شەخسىيەتچىلىكىمدىن ۋە بۇرۇنقى ئوي-پىكىرلىرىمدىن ۋاز كېچىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلالىدىممۇ-يوق؟
ھەئە　　　　ياق

# بايقالغان ھەقىقەت:
# توۋا قىلساق، خۇدا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرىدۇ.

## پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

«لۇقا» 15-باب11 ــ 32-ئايەت



1



2



3

مانا بۇ رەب ئەيسا ئېيتقان ئاتا-ئوغۇل توغرىسىدىكى تەمسىل. توۋا قىلىشنىڭ مەنىسىنى بۇ تەمسىلدەك ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان تەمسىل يوق. بۇ تەمسىلنى دۇئا قىلىش قەلبىمىز بىلەن ئوقۇپ چىقايلى.




# ئون پەرمان

## 9- پەرمان

«يالغان گۇۋالىق بېرىپ، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا بولمايدۇ» (تەۋرات:«مىسىردىن چىقىش كىتابى» 20-باب 16- ئايەت)

9- پەرمان كىشلەرنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرشنى چەكلەيدۇ. بۇ پەرمانغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان ئىككى شەكلى بولسا:
1. ئالدامچىلىق ــ ھەقىقىي بولمىغان ئىشنى سۆزلەش ۋە قىلىشتۇر.
2. تۆھمەت قىلىش ــ باشقىلارنىڭ ئارقىدىن تۆھمەت چاپلاپ، باشقىلارنىڭ نامىغا داغ كەلتۈرۈش.

«مۇقەددەس كىتاب»تا «تىل ئارام ئالمايدىغان يامان نەرسە. ئۇ ئادەمنى قەستلەيدىغان زەھەردۇر» دېيىلىدۇ («ياقۇپ يازغان خەت» 3-باب 8- ئايەت). باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئۈچ چوڭ يامان نەتىجىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ غەيۋەت قىلغۇچى ۋە غەيۋەتنى ئاڭلىغۇچىنى زەھەرلەپلا قالماي، يەنە تۆھمەت چاپلانغان ئوبيكتىنىمۇ زەھەرلەيدۇ. خۇدانىڭ ھەربىر پەرزەنتى بۇنىڭدىن ساقلىنىشى كېرەك. «مۇقەددەس كىتاب»تا بىزگە: «باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىماڭلار» دېيىلگەن. («تىتۇس» 3-باب 2-ئايەت)

شەيتان يالغان سۆزلەش ئارقىلىق گۇناھنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كەردى. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى گۇناھنىڭ دەپسەندىسىگە ئۇچراتتى. خۇدانىڭ سۆزلىرىدە خۇدا ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان7 خىل ئىش تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىككىسى يالغانچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇدا ئۆچ كۆرىدىغان ئىشتىن ئالتىسى، ھەتتا ئىچ-ئىچىدىن نەپرەتلىنىدىغان ئىشتىن جەمىي يەتتىسى بار. ئۇلار بولسىمۇ، ھاكاۋۇر كۆز، يالغان سۆزلەيدىغان

تىل، بىگۇناھ ئادەمنىڭ قېنىنى ئاققۇزغان قول، يامان غەرەزدە بولىدىغان قەلب، يۈگۈرەپ يۈرۈپ گۇناھ قىلىدىغان پۇت، يالغان سۆزلەپ گۇۋاھلىق بېرىش، قېرىنداشلار ئارىسىغا ئاداۋەت سالغان ئادەم قاتارلىقلار».
(«پەندى-نەسىھەتلەر» 6-باب 16ـــ19-ئايەت)

ئالدامچىلىقنىڭ شەكلى ئاز دېگەندە 3 خىل بولىدۇ.
(1) يالغان ئىشنى سۆزلەش.
(2) بىر قىسىم ھەقىقەتنىلا سۆزلەش.
(3) بىلىدىغان ھەقىقەتكە سۈكۈت قىلىپ، بىلمەسكە سېلىپ، باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش.

«خۇدا سەممىيدۇر» (كونا ئەھدە:«قانۇن شەھى» 32-باب 4- ئايەت) ئۇ بارلىق يالغانچىلىقلارنى ئۆچ كۆرىدۇ. بىز بەزى يالغانچىلىقلار ئانچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارايمىز. مەسىلەن «ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان يالغان سۆز»، «ئالاقىدىكى يالغان سۆز» ياكى «تۇۋار بازىرىدىكى يالغانچىلىق» قاتارلىقلار. لېكىن، يالغانچىلىق قايسى شەكىلدە، قانداق سەۋەب بىلەن چىقمىسۇن، ئۇ ھامان يالغانچىلىققا كىرىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا يالغانچىلىقنىڭ بوۋىسى—شەيتاندىن كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. رەب ئەيسا شەيتاننى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:
«...ئۇنىڭدا ھەقىقەت يوقتۇر. يالغان سۆزلەش ئۇنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، چۈنكى ئۇ يالغانچى ۋە يالغانچىلىقنىڭ پىرىدۇر». («يۇھاننا» 8-باب 44-ئايەت)

خۇدا پاك ۋە ئادىل بولغاچقا، ئۇ يالغانچىلىقنى سىغدۇرالمايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:
«ئۇ يەرگە ناپاك ھېچقانداق نەرسە، يىرگىنچلىك ئىشلارنى ۋە يالغانچىلىق قىلغان ھەرقانداق كىشى كىرەلمەيدۇ» («ئۇ يەر» جەننەتنى كۆرسىتىدۇ) («ۋەھىي» 21-باب 27-ئايەت)
داۋۇت پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ:
«مەن سادىق بولۇش يولىنى تاللىدىم». («زەبۇر» 119-باب 30-ئايەت)
خۇدا بىزنىڭمۇ مۇشۇنداق تاللىشىمىزغا ياردەم بەرگەي.

## سوئاللار

توغرا جاۋابنى تالالاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. توۋا قىلىش بولسا ( )
(1) پەقەتلا گۇناھىڭىزغا ئازابلىنىش.
(2) سىزگە زىيىنى بولغان مەلۇم گۇناھلاردىن قول ئۈزۈش.
(3) سەمىمىيلىك بىلەن گۇناھ ئۈچۈن ئازابلىنىپ، گۇناھتىن ۋاز كېچىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىش.

2. خۇدا .... كەچۈرۈم قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىدۇ. ( )
(1) سەمىمىيلىك بىلەن ئۆز يولىدىن قايتقان ئادەملەرنى
(2) ئۆز يولىدىن غەرەزسىز قايتقانلارنى
(3) خۇدانىڭ كەچۈرۈشنى تىلەپ، غەرەزسىز ئۆز يولىدىن قايتقانلارنى

3. «مۇقەددەس كىتاب»تا، ئەگەر سىز ئون پەرمان ئىچىدىكى بىرىگە خىلاپلىق قىلسىڭىز ( )
(1) خۇدانىڭ پۈتكۈل قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولىسىز دېيىلگەن.
(2) سىز باشقىلاردىن كۆپ ياخشى دېيىلگەن.
(3) سىز پەقەت خۇدانىڭ قانۇنىدىكى بىر كىچىك بۆلەككىلا خىلاپلىق قىلغان بولىسىز دېيىلگەن.

4. داۋۇت پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھى ( )
(1) باتشېبانى رەنجىتكەنلىكىنى بىلدى.
(2) خۇدانى رەنجىتكەنلىكىنى بىلدى.
(3) باتشېبانىڭ ئېرىنى رەنجىتكەنلىكىنى بىلدى.

5. بىز خۇدانىڭ ئارزۇسى بويىچە، ئۆزىمىزنىڭ گۇناھلىرىغا ( )
(1) ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنى كۆرمىگىچە قايغۇرالمايمىز.
(2) گۇناھلىرىمىزنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر قىلغىنىنى كۆرمىگىچە قايغۇرالمايمىز.
(3) ئۆزىمىزنىڭ باشقىلاردىن ئەسكى ئىكەنلىكىمىزنى كۆرمىگىچە قايغۇرالمايمىز.

6. توۋا قىلىش يەنە ( )
(1) ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.
(2) ناھايىتى ياخشى ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىتقۇزىدۇ.
(3) ئۆزىمىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

7. «مۇقەددەس كىتاب» دوزاخ توغرىسىدا تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ( )
(1) بۇ يەر مەۋجۇت ئەمەس.
(2) خۇدا مېھرىبان، ئۇ ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۇ جايغا بېرىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ.
(3) بۇ جاي بارلىق باغرى قاتتىق ۋە خۇداغا بويسۇنمايدىغان ئىسيانچىلارنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى.

8. توۋا قىلىش توغرىسىدا خۇدا مۇنداق دەيدۇ: ( )
(1) ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ توۋا قىلىشنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
(2) پەقەت ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرلا توۋا قىلسۇن.
(3) ئۇ ھەممە جايدىكى ئادەملەرنىڭ توۋا قىلىشنى بۇيرىدى.

9. «مۇقەددەس كىتاب»تا ( )
(1) خۇدانىڭ بىزنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشىمىز بىلەن كارى يوق دېيىلگەن.
(2) خۇدا يامان ئادەملەرنىڭ ھالاك بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ دېيىلگەن.
(3) خۇدا بىر ئادەمنىڭمۇ چۈشۈپ قالماي، ھەربىرىنىڭ توۋا قىلىشىنى خالايدۇ دېيىلگەن.

10. يالغانچىلىق قىلىش گۇناھىنى ( )
(1) خۇدا ئالاھىدە ئۆچ كۆرىدۇ.
(2) ئېغىر ئەمەس، چۈنكى نۇرغۇن ئادەملەر بۇ گۇناھنى ئۆتكۈزىدۇ.
(3) ئەگەر تولۇق سەۋەبى بولسا، خاتا ئەمەس.

## بۇ دەرستە سىز ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت نېمە؟

# سەككىزىنچى دەرس

## مەن قانداق قىلسام قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيمەن؟

(ئىككىنچى قىسىم)



«ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ، خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇش ھوقۇقىنى بەردى». («يۇھاننا» 1-باب 12-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

ئەلچى پاۋلۇس تارقاتقان قۇتقۇزۇلۇشنىڭ خۇش خەۋەرى بولسا، «توۋا قىلىپ، خۇداغا يۈزلىنىڭلار ۋە رەببىمىز ئەيساغا ئېتىقاد قىلىڭلار» دېگەن خەۋەردۇر. («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 20-باب 21-ئايەت)

ئالدىنقى دەرستە بىز توۋا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە مۇھىملىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىز پەقەت توۋا قىلىش بىلەنلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيمىز. بىز يەنە قۇتقۇزۇلۇشقا بولغان ئىشەنچىگە موھتاجمىز.

قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئىشەنچى دېگەن نېمە؟ بۇ دېگەنلىك رەب ئەيسا مەسىھكە تايىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي زىچ ئالاقە قىلىشتىكى ئىشەنچتۇر. كۆرۈنۈش جەھەتتىكى سەممىيلىك ياكى سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ھەرگىزمۇ قۇتقۇزۇلۇش ئەمەس. خۇدا بىزنى ئۆزىنىڭ ئوغلى بىلەن ھەقىقىي قويۇق ئالاقىدا بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا : «بىز بولساق مەسىھنىڭ شېرىكلىرىدۇرمىز» دېيىلگەن. («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 3-باب 14-ئايەت)

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەقىقىي يېڭىباشتىن تۇغۇلۇپ، قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن كىشىلەر مەسىھ بىلەن بىرلىشىدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇنداق ئادەملەر مەسىھنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن تاماملىغان بارلىق ئىشلىرىدىن بەھرىمان بولىدۇ. مانا بۇ قۇتقۇزۇلۇشتۇر. ئەگەر بىز ئىشەنچ ۋە قوبۇل قىلىشتىن

ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ئويلايدىغان بولساق، بەلكىم قۇتقۇزۇلۇشتىكى ئىشەنچىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن. «مۇقەددەس كىتاب»تا رەببىمىز ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشىمىز ھەم ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ خوجايىنى ۋە قۇتقۇزغۇچىسى دەپ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەكلىكى توغرىسىدا يېزىلغان.







(جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان بەش باسقۇچ)

# رەب ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىش دېگەن نېمە؟

«ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»نىڭ 16ـ بابىدا ئەلچى پاۋلۇس ۋە سىلاسنىڭ فىلىپپى شەھىرىدىكى خۇش خەۋەرنى تارقىتىش ھېكايىسى خاتىرىلەنگەن. ئۇلار بىر ئايال دېدەكتىكى يامان روھنى چىقىرىۋەتكەنلىك سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. يېرىم كېچىدە پاۋلۇس بىلەن سىلاس خۇداغا دۇئا قىلىپ، خۇدانى مەدھىيىلەيدۇ. تۇيۇقسىز قاتتىق يەر تەۋرەپ، تۈرمىدىكى بارلىق ئىشىكلەر ئېچىلىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ كىشەنلىرى بوشاپ كېتىدۇ. گۇندىپاي ئويغانغاندا، تۈرمە ئىشىكلىرىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتتى دەپ ئويلايدۇ. گۇندىپاي ئەگەر جىنايەتچىلەرنى قاچۇرۇپ قويسا، ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قىلىچىنى چىقىرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماقچى بولىدۇ. بۇنى كۆرگەن پاۋلۇس ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «جېنىڭغا زامىن بولما، ھەممىمىز بار!» دەيدۇ. شۇ چاغدا گۇندىپاي پاۋلۇس بىلەن سىلاسنىڭ مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ خىزمەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ چىراق ئەكەلدۈرۈپ، تۈرمە ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇ پاۋلۇسنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ: «قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەيدۇ. ئۇلار:

«رەببىمىز ئەيساغا ئېتىقاد قىلىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭ ھەم ئائىلەڭدىكىلەرمۇ قۇتقۇزۇلىسىلەر!» دەيدۇ. («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 16ـباب 31ـ ئايەت)




(ھەزرىتى ئەيسا كرېستتا بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى)

«رەب ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىش» دېگەن نېمە؟ بۇنىڭ مەنىسى «مۇقەددەس كىتاب»تا خاتىرىلەنگەن رەب ئەيساغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارغا ئىشىنىش دېمەكتۇر. رەب ئەيسا، كېلىشكە ئىجازەت بېرىلگەن قۇتقۇزغۇچى، يەنى «خۇدانىڭ بەدەن ئىچىدىكى ئىپادىسىدۇر». ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلۈپ، ھەم تىرىلىپ، بىزنىڭ مەڭگۈلۈك قۇتقۇزغۇچىمىز بولدى. ئۇ ئاللىقاچان ئاسمانغا چىقىپ، ئاتىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرماقتا. خۇدا ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق ھوقۇقنى ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ بەردى.

رەب ئەيسا مۇشۇنداق يوقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغاچقا «رەب» دەپ ئاتالدى. «يېڭى ئەھدە»دە ھەزرىتى ئەيسا ئون ئالتە قېتىم «قۇتقۇزغۇچى» دەپ ئاتالغان. «رەب» دەپ ئاتالغان قېتىم سانى بەش يۈز يىگىرمە ئىككىدىن كۆپ! خۇدا بىزگە ئەيسا مەسىھنىڭ پەقەتلا بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىز بولۇپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ رەببىمىز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

«رەب» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ.

# 1. ھوقۇق

بارلىق ھوقۇق رەب ئەيسا مەسىھكە ئىلتىپات قىلىپ بېرىلگەن. رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق ھوقۇق ماڭا ئىلتىپات قىلىپ بېرىلدى». («ماتتا» 28-باب 18-ئايەت)

# 2. خوجايىنلىق ھوقۇقى

رەب ئەيسا قۇتۇلدۇرغان كىشىلەر ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قېنى ئارقىلىق ئۇلارنى سېتىۋالغان. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:«...سىلەر ئۆزۈڭلارغا تەۋە ئەمەس، چۈنكى سىلەر قىممەتلىك بەدەل ئارقىلىق سېتىۋېلىنغان...».(«كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1-خەت» 6-باب 19-، 20-ئايەتلەر.

# 3. ئابروي (نوپۇز)

نوپۇزنىڭ مەنىسى باشقىلارغا بۇيرۇق ئاڭلىتىش ھوقۇقى دېگەنلىكتۇر. رەب ئەيسا بولسا، بىزنىڭ رەببىمىز. بىز ئەلۋەتتە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمىز لازىم. ئەگەر بىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى خالىمىساق، ئۇ بىزنىڭ رەببىمىز بولمايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر ئەجەب مېنى «رەببىم! رەببىم!»دەيسىلەر- يۇ،

بۇيرۇقلىرىمغا ئەمەل قىلمايسىلەر!» («لۇقا» 6ـباب 46ـئايەت)

دېمەك، رەب ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشنىڭ مەنىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىش ھەم ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئۇنى ئاساس قىلىش دېمەكتۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھنى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ رەببى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى يېزىلغان. ئۇ پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ خۇداسى ئىكەن، ئۇ سىز ۋە مېنىڭ رەببىم بولۇشقا لايىقتۇر ھەم ئۇ بىزنىڭ ئەگىشىشىمىزگە مۇناسىپتۇر.

## رەب ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش دېگەن نېمە؟

قۇتۇلدۇرۇلۇش پەقەتلا ئەيسا مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي قويۇق ئالاقىنىڭ بار بولۇشىدىدۇر. رۇت پاسىل ئىسىملىك بىر خۇش خەۋەر تارقاتقۇچى «خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم بەزى ئىشلارغا ئىشىنىش ۋە بىر ئادەمنى قوبۇل قىلىش كېرەكتۇر» دەپ ئېيتقانىدى. ئۇ ئادەم دەل ئەيسا مەسىھتۇر. خۇدا بىزگە ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ بىر ئادەمدە، يەنى ئەيسا مەسىھتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خۇدا ئۇنى بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىز بولۇش ئۈچۈن ئىلتىپات قىلىپ بەرگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدىكى، ئۇنىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ھالاك بولماي، ھەممىسى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ، يېگانە ئوغلىنى قۇربان بولۇشقا دۇنياغا ئەۋەتىپ بەردى».
> («يۇھاننا» 3ـباب 16ـئايەت)

خۇدانىڭ «دۇنيادىكى ئىنسانلارنى» دېگىنى كىمنى كۆرسىتىدۇ؟ دۇنيادىكى ئىنسانلا دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سىز ۋە مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ھەممىسى» دېگەن سۆز نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇ ھەرقانداق بىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سىز ۋە مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ! سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى «دۇنيادىكى ئىنسانلارنى» ۋە «ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ... ھەممىسى» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا قويسىڭىز بۇ ئايەتنىڭ سىزگە بولغان ئەھمىيىتىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھېس قىلالايسىز.

> خۇدا ____________نى شۇ قەدەر سۆيدىكى،
> ئۇنىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغان ____________
> ھالاك بولماي، ____________ مەڭگۈلۈك
> ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ، يېگانە ئوغلىنى قۇربان بولۇشقا
> ئەۋەتىپ بەردى.

ئىسمىڭىزنى بوش ئورۇنغا تولدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ. بۇ ئايەت سىزگە خۇدانىڭ سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ھەتتا سىزگە سوۋغات بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. خۇدانىڭ سوۋغىسى نېمە؟ خۇدانىڭ سوۋغىسى دەل ئۆزىنىڭ ئوغلىدۇر. خۇدا رەب ئەيسانى سىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭىز بولۇش ئۈچۈن ئىلتىپات قىلىپ بەردى.

ئەگەر مەن سىزگە بىر نەرسىنى سوۋغات قىلسام، سىزنىڭ ئۇنىڭغا پۇل تۆلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە ھاجىتى يوق. ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ھەق تۆلەمسىز-يا؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما سىز بۇ سوۋغاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم بىر ئىشنى قىلىشىڭىز كېرەك، يەنى سىز ئۇنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز بۇ سوۋغاتنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ بولمايدۇ. خۇدا ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئوغلى رەب ئەيسانى سىزگە ئاتا قىلدى. سىز چوقۇم ئۇنى ھاياتىڭىزنىڭ خوجايىنى ۋە قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. سىز مۇشۇنداق قىلغان چېغىڭىزدا خۇدانىڭ پەرزەنتى بولالايسىز.«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇش ھوقۇقىنى بەردى». («يۇھاننا» 1-باب 12-ئايەت)

رەب ئەيسانى ئۆزىڭىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ قوبۇل قىلىشنىڭ مەنىسى ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، بىر ئۆمۈر ئۇنى سۆيۈشكە، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا بەل باغلاش دېگەنلىكتۇر. بۇمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىش دېگەن مەنىدە.

مەسىھنى قوبۇل قىلىش خۇددى توي قىلىشقا ئوخشايدۇ. بىر قىزغا مەپتۇن بولۇپ قالغان بىر  يىگىت بەلكىم قىزغا نىسبەتەن نۇرغۇنلىغان شېرىن خىياللارنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بەلكىم ئۇ قىزنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ياخشى خوتۇنى ۋە ھەمرايى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى مۇمكىن. ئېنىقكى ئۇ يىگىت بۇ ئىشلارغا ئىشىنىشى بىلەنلا بۇ قىز ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالمايدۇ، پەقەت توي قىلغان كۈنىلا، يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر-بىرىگە ئۆزئارا تاپشۇرۇشقان چاغدىلا ئاندىن ئۇ: «ئۇ ماڭا تەۋە، مەنمۇ ئۇنىڭغا تەۋە» دېيەلەيدۇ.

رەبنى قوبۇل قىلىش ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەب ئەيسا ھەقىقەتەنمۇ ھەربىرىمىزنى سۆيىدۇ. ئۇنىڭ بىزگە بولغان

مۇھەببىتى شۇنداق چوڭقۇركى، ھەتتا ئۇ ئۆزىنى بىزگە ئاتىدۇ. ئۇ بىزنى مۇشۇنداق سۆيگەچكە، بىزمۇ مۇشۇ مۇھەببەتنىڭ ئىنكاسىنى قايتۇرغان چاغدا، ئۇ ئاندىن قانائەتلىنىدۇ.

بىر قېتىم بىر ئادەم رەب ئەيسادىن، «ئۇستازىم، مۇقەددەس قانۇندا ئەڭ مۇھىم بۇيرۇق قايسى؟» دەپ سورىدى. ئەيسا ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

«پەرۋەردىگارىڭ بولغان خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن ھېسسىياتىڭ، پۈتۈن ئەقلىڭ بىلەن سۆي. بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم بۇيرۇق مانا شۇ». («ماتتا» 22-باب 37-، 38- ئايەت)




(ئەيسا مەسىھ ھەممىمىزنىڭ رەببى)

ھەزرىتى ئەيسانىڭ سۆزىدىن بىز ئەڭ چوڭ بۇيرۇقنىڭ پۈتۈن قەلب، پۈتۈن جان بىلەن خۇدانى سۆيۈش ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. خۇدا بىزدىن تەلەپ قىلىدىغان مۇھەببەت بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزغا ئاساسلانمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزنىڭ قاراردۇر. بىزنىڭ خۇدانى سۆيۈشنى تاللىشىمىزمۇ خۇدانىڭ بىزدىن تەلەپ قىلغىنىدۇر. داۋۇت پەيغەمبەر خۇدانىڭ نىيىتىدىكى ئادەم بولالايدۇ. سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولسا، داۋۇت پەيغەمبەر پۈتۈن قەلبى بىلەن خۇدانى سۆيۈشنى تاللىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئىي خۇدا! مەن سىزنى سۆيىمەن!». («زەبۇر» 18-باب 1-ئايەت)

بۇمۇ بىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. بىزمۇ رەب ئەيساغا: «ئىي رەببىم، مەن سىزنى پۈتۈن قەلبىم بىلەن سۆيىمەن» دەيلى.

ئەگەر بىز خۇدانى ھەقىقىي ياخشى كۆرسەك، بىز چوقۇم ئۇنىڭغا بويسۇنۇشىمىز كېرەك. خۇداغا بويسۇنماي تۇرۇپ،ئۇنى سۆيىمەن دېيىشى مۇمكىن

ئەمەس.

رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:
« مېنى سۆيىدىغان كىشى سۆزۈمگە ئەمەل قىلىدۇ...»
(«يۇھاننا» 14-باب 23- ئايەت)

ئەيسا مەسىھنى رەب ۋە قۇتقۇزغۇچى دەپ قوبۇل قىلىش پەقەت بىر قېتىملىق تالللاش ئەمەس. بىز ئۇنى مەڭگۈلۈك رەببىمىز قىلىپ قوبۇل قىلىپ، ئۇنى سۆيىشىمىز، سەجدە قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىشىمىز كېرەك. ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ مەركىزى بولۇشى كېرەك. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىمىز ئۇنى چۆرىدەيدۇ. بىز ئۆزىمىزنى مەركەز قىلمايدىغان بولىمىز، مەسىھ بولسا بىزنىڭ يېڭى مەركىزىمىز بولىدۇ-دە، بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ياشىماي، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشايدىغان بولىمىز.

مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى دەپ قوبۇل قىلىش جەھەتتە بىتەرەپ مەيداندا تۇرىۋالغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەگەر سىز ئۇنى ھاياتىڭىزنىڭ خوجايىنى ۋە قۇتقۇزغۇچىسى دەپ قوبۇل قىلمىسىڭىز، ئۇنى رەت قىلغان بولىسىز. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بىلەن بىرلەشمىگەن، مېنى دۈشمەن ئورنىدا كۆرىدۇ». («ماتتا» 12-باب 30-ئايەت)

سەمىمىلىك بىلەن تۆۋەندىكى سوئاللارنى ئۆز-ئۆزۈڭىزدىن سوراپ كۆرۈڭ. ئەگەر سىز ھەربىر مەسىلىگە سەمىمىلىك بىلەن «ھەئە» («شۇنداق») دەپ جاۋاب بېرەلىسىڭىز، سىز ئالللىقاچان ھەزرىتى ئەيسانى ھاياتىڭىزنىڭ خوجايىنى ۋە قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ قوبۇل قىلىشقا ھازىرلانغان بولىسىز.

1. مەن خۇدانىڭ ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتىشىنىڭ مېنىڭ گۇناھلىرىم ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىمۇ-يوق؟
ھەئە　　　　ياق

2. مەن رەب ئەيسانى سۆيۈشنى ھەرقانداق ئادەم ياكى ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن قويدىمۇ-يوق؟
ھەئە　　　　ياق

3. مېنىڭ رەب ئەيساغا بولغان مۇھەببىتىم، مېنى ئۇنى مەركەز قىلىپ، ئۇنىڭغا

ئەگىشىشكە ئېلىپ باردىمۇ-يوق؟
ھەئە ياق

4. مەن ئۆزۈمنىڭ ھاياتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى خالىدىممۇ-يوق؟ مەن چىن قەلبىمدىن:«رەب ئەيسا مەن سىز ئەۋەتكەن جايغا بارىمەن. سىز قىل دېگەن ئىشنى قىلىمەن» دېيەلىدىممۇ-يوق؟
ھەئە ياق

سىز ئۆزىڭىزنى رەب ئەيسا مەسىھكە تاپشۇرۇش تەييارلىقنى قىلىپ بولدىڭىزمۇ-يوق؟ سىز ئۇنىڭغا سىزنى سۆيىمەن ھەم ھەرقانداق بەدەل تۆلىشىمدىن قەتئىينەزەر سىزگە بويسۇنىمەن ۋە ئەگىشىمەن دېيەلەمسىز-يوق؟ ھازىر سىز مۇشۇنداق قىلالايسىز.

بۇ خۇدا بىلەن سىزنىڭ ئوتتۇرىڭىزدىكى مۇناسىۋەتتۇر. ئەڭ ياخشىسى سىز ھازىر تىنچ بىر جاينى تېپىپ خۇدا بىلەن سۆزلىشىڭ. رەب ئەيساغا ئۆزىڭىزنىڭ چىن قەلبىڭىزدىن ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىڭىزنى ھەم ئۇنىڭ سىزنىڭ گۇناھىڭىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. ئۇنىڭ سىزنى سۆيگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىڭ. ئۇنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى ھەم ھازىر ئۇنى ھاياتىڭىزنىڭ خوجايىنى ۋە قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ قوبۇل قىلغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. ئۇنى سۆيۈشكە، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا، بويسۇنۇشقا ھەم ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بەل باغلىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. ئۇنىڭ سىزنى قۇتقۇزغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىڭ.



# ئىنساننى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتۇرمەيدىغان تۆت خىل باھانە

تۆۋەندە بىز بۇ 4 خىل باھانىلەرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

## 1. «باشقىلار»

سىز «يۇھاننا»نىڭ 3-باب 16-ئايەتنى ئوقۇغاندا:«بۇ ھەقىقەتەنمۇ توغرا، لېكىن بۇ ئىجازەت ماڭا بېرىلمىگەن، باشقىلارغا بېرىلگەن دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئىجازەت سىزگىمۇ بېرىلگەن! «مۇقەددەس كىتاب»تا تىلغا ئېلىنغان «خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدىكى» دېگەن سۆز سىزگىمۇ قارىتىلغان. سىزمۇ بۇ دۇنيادىكى ئىنسان ئەمەسمۇ! «ئۇنىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ھالاك بولماي، ھەممىسى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشسۇن» دېگەن سۆز سىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇدا سىزنى سۆيىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى سىزنىڭ گۇناھىڭىز ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا ئەۋەتتى. خۇدا سىزگە رەب ئەيسانى ھاياتىڭىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ۋە نىجاتكارى قىلىپ قوبۇل قىلىشىڭىز توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ.

## 2. «باشقا بىر خىل ئەھۋال»

سىز بەلكىم :«مەن مەسىھنى مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىم دەپ قوبۇل قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىمەن. مەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىسى بولۇشۇم كېرەك، بىراق مەن ھازىرقى شارائىتىمدا ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىسى بولالمايمەن» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

مەسىھنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى قىلىش، يەنىلا قەلبىڭىزنىڭ قارارى. سىز ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا مۇشۇنداق قىلسىڭىز بولىۋېرىدۇ. سىز قۇتقۇزۇلغاندا ئۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزگە كىرىدۇ. ئۇ سىزگە كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە، ھەر خىل ئەھۋاللاردىمۇ سىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشىيالايسىز.

## 3. «باشقا ئۇسۇللار»

خۇدا ئاللىقاچان مەسىھ ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇش ئىلتىپاتىنى بارلىق ئىنسانلارغا ئاتا قىلدى. بىز ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمىشقا ئۇنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىغا ھەيرانمىز! قانداق نەرسە كىشىلەرنىڭ خۇدا مەسىھ ئارقىلىق ئاتا قىلغان ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟

ئۇ بولسىمۇ ھاكاۋۇرلۇقتۇر! ھەزرىتى ئەيسا ئۆزى بىلەن بىر زاماندا ياشىغان ئاشۇ ئىخلاسمەن دىنىي يېتەكچىلەرگە مۇنداق دەيدۇ:

«...سىلەر يەنە ھاياتلىقتا ئېرىشىش ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمغا كېلىشنى خالىمايسىلەر!» («يۇھاننا» 5-باب 40-ئايەت)

بىز خۇدادىن تۆۋەنچىلىك بىلەن قۇتقۇزۇلۇشىمىزنى تىلىشىمىز كېرەك. ئۇ بىزنىڭ ھەرقانداق ھاكاۋۇرلۇقلىرىمىزغا يول قويمايدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە گۇناھكارلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ھەم ئۇنىڭغا: «ئىي رەببىم! مەن سىزگە زور قۇدرىتىڭىز بىلەن مېنى ئۆزگەرتىڭ دەپ ئىلتىجا قىلىمەن!» دېيىشىمىز كېرەك. لېكىن، كىشىلەر بۇ خىل شەكىل بىلەن خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشقا ئۇسۇللارنى ئىزدەيدۇ. بىراق بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئامال يوق. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم ئاتام خۇدانىڭ يېنىغا بارالمايدۇ» («يۇھاننا» 14-باب 6-ئايەت)

## 4. «باشقا بىر ۋاقىت»

بۇ دەرسنى ئوقۇغاندىن كېيىن، سىز بىر كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىش نەتىجىسىدە خۇدا بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز. لېكىن، سىز: «كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مەسىھنى قۇتقۇزغۇچىم دەپ قوبۇل قىلىمەن، بىراق ھازىر ئەمەس» دېدىڭىز. بۇ باھانىڭىز بەلكىم سىزنى مەڭگۈ چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە مىڭلىغان قاراڭغۇلۇقتا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇلار قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ-يو، بىراق ۋاقىتنى ئۇزارتىۋەتكەنلىكتىن بۇ پۇرسەتتىن مەڭگۈ مەھرۇم بولىدۇ.«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«ئەتە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ماختىما، چۈنكى بىر كۈندە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى سەن بىلمەيسەن». («پەندى-نەسىھەتلەر» 27-باب 1-ئايەت)

«مەن ھازىر مەسىھنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدا ئويلىنىۋاتىمەن» دېگۈچىلەر ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغىنىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ قارار ئىكەنلىكىنى سەزمەيدۇ. مەسىھنى قۇتقۇزغۇچىمىز دەپ قوبۇل قىلىش قارارى ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئالدى بىلەن ئويلايدىغان ئىشىمىز بولۇشى كېرەك.

چۈنكى، بۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىمىزنىڭ قەيەردە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. بەزىلەر قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىششنى ئويلىسىمۇ لېكىن ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى مەلۇم گۇناھلار ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن خۇداغا يۈزلىنىشنى كۈتىدۇ. بۇ بىر كېسەل كىشىنىڭ دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. يەنى ئۇ مۇنداق دەيدۇ،

«مەن ئۆزۈمنىڭ دوختۇر ئىزدىشىم كېرەكلىكىنى بىلىمەن. لېكىن مەن كېسىلىم سەل ياخشى بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىزدەيمەن».

ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزىگە يۈزلىنىشىمىزنى ئېيتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرەلەيدۇ، ئۇ بىزنى قۇتقۇزۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭغا يۈزلىنىشىمىزنى ئېيتىدۇ. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«قاراڭلار، ھازىر دەل قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىت، ھازىر دەل قۇتقۇزۇلىدىغان كۈن». («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 2-خەت» 6-باب 2- ئايەت)

ئەگەر خۇدا مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سىزنىڭ قەلبىڭىزگە گەپ قىلغان بولسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭغا يۈزلىنىڭ. ئۇنىڭغا: «رەببىم، سىز مېنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى، ھەتتا مېنىڭ گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىڭىزنى، بۇ دۇنياغا كېلىپ، كرېستقا مىخلىنىشىڭىزنىڭ مەن ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتتىڭىز. ئەگەر مەن سىزنى قۇتقۇزغۇچىم دەپ قوبۇل قىلسام، مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈپ، مېنى مەڭگۈ پەرزەنتىڭىز قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز. ھازىر مەن سىزنى مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىم ۋە ھاياتىمنىڭ خوجايىنى دەپ قوبۇل قىلىمەن» دەڭ.

---

# بايقالغان ھەقىقەت

## خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم بەزى ئىشلارغا ئىشىنىشىمىز ۋە بىر ئادەمنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك

---

### پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

«ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 16-باب 16—34

«يۇھاننا» 1-باب 1—13، 3-باب 1—21 نى ئوقۇڭلار.

«يۇھاننا» 3-باب 1—21-دا، رەب ئەيسا يەھۇدىي ئەمەلدارى نىكودىمگە يېڭىباشتىن تۇغۇلۇشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە مۇھىملىقى چۈشەندۈرىدۇ.




# ئون پەرمان
## 10- پەرمان

ئاچكۆزلۈك قىلىشقا بولمايدۇ!» (تەۋرات:«مىسىردىن چىقىش كىتابى» 20-باب 17-ئايەت)

ئاچكۆزلۈك قىلىش باشقىلارنىڭ نەرسىسگە ئىگە بولۇۋېلىشنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى. سىز بەلكىم باشقىلارنىڭ چىرايىغا، پۇلىغا ياكى باشقا نەرسىلىرىگە قىزىقىشىڭىز مۇمكىن. سىز يەنە بەلكىم باشقىلارنىڭ ئايالىغا، ئېرىگە ياكى باشقا نەرسىلىرىگە مەپتۇن بولۇپ قىلىشىڭىز مۇمكىن.

ئاچكۆزلۈك قەلبتىكى، شۇنداقلا ئىدىيە جەھەتتىكى گۇناھتۇر. خۇدا بىلەن ئۆزىڭىزدىن باشقا ئادەم بۇ پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىڭىزنى بىلمەيدۇ. خۇدا بۇ گۇناھنى ناھايىتى ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇ ئاچكۆزلۈك قىلغانلارنىڭ ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئاچكۆزلۈك گۇناھى كىشىلەرنى دائىم باشقا نۇرغۇن گۇناھلارغا سۆرەپ كىرىدۇ. مەسىلەن، بىر نەپسانىيەتچى بىر نەرسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. پۇرسەت بولسا، ئۇ نەرسىنى ئوغرىلايدۇ. داۋۇت پەيغەمبەر باشقىلارنىڭ ئايالىغا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ گۇناھى ئۇنى زىنا قىلىشقا ۋە قەستلەپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا: «پۇلغا تويمىغانلار، بۇتقا چوقۇنغانلار» دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق كىشىلەر پۇلنى ئۆزلىرىنىڭ خۇداسى قىلغان بولىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ھەر خىل ئاچكۆزلۈكتىن پەخەس بولۇڭلار ۋە ساقلىنىڭلار. چۈنكى، كىشى ھەرقانچە باي بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى مال-مۈلكىنىڭ كۆپلۈكىگە باغلىق ئەمەس». («لۇقا» 12-باب 15-ئايەت)

بىز ئوغرىلىق قىلىش ۋە مەست بولۇشنى ئېغىر گۇناھ دەپ قارايمىز. لېكىن، «مۇقەددەس كىتاب»تا ئاچكۆزلۈك گۇناھى نۇرغۇن قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە «مۇقەددەس كىتاب»تا ئاچكۆزلۈك قىلىش گۇناھى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان ئېغىر گۇناھلارغا ئوخشاش قارايدۇ. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

> «...ئالدىنىپ قالماڭلار! جىنسىي ئەخلاقسىزلىق قىلغۇچىلار، بۇتپەرەسلەر، زىناخورلار، ھەزىلەكلەر، ئەر بىلەن ئەر ياكى ئايال بىلەن ئايال ئارا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغۇچىلار، ئوغرىلار، نەپسانىيەتچىلەر، ھاراقكەشلەر، تۆھمەتخورلار ۋە ئالدامچىلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلمەيدۇ». («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1-خەت» 6-باب 9-، 10-ئايەت)

# دىققەت: ئالدانماڭلار

## «بەزى يوللار توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كىشىنى ھالاكەتكە باشلايدۇ».

(«پەندى-نەسىھەتلەر» 14-باب 12-ئايەت)

شەيتان ئەڭ چوڭ ئالدامچىدۇر. مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئادەملەر ئۇنىڭغا ئالدىنىپ، ئۆز ئىشەنچىنى ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ قىممەتلىك قېنىدىن سىرت نەرسىلەرگە قويغۇزدى. بۇ ئادەملەر ئۇقۇشماستىن ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىنى ئۇ ئىشلارغا باغلىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا تايىنىپ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىمىز دەپ قارايدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچىسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

## 1. يۈزەكى ئىشەنچ

نۇرغۇنلىغان ئادەملەر پەقەت ئەيسا مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەقىقەتكە ئىشەنسەكلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيمىز دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۇنى سۆيمەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار قەلبىدە يەنىلا دۇنيانى ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش ئۈمىدى قۇرۇق ئۈمىدتۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «بۇ دۇنيانى ۋە بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى سۆيمەڭلار. بۇ دۇنيانى سۆيسەڭلار، ئەرشتىكى ئاتىمىزنى سۆيمىگەن بولىسىلەر». («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 2-باب 15-ئايەت)

## 2. ياخشىلىق قىلىش

ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيمىز دەيدىغان كۆزقاراش بىزنىڭ ئىدىيەمىزگە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. لېكىن، «مۇقەددەس كىتاب» ھېچقانداق ئادەمنىڭ ياخشىلىق قىلىشى بىلەن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. بىز ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «خۇدا بىزنى قانداقتۇر ساۋابلىق ئىشلارنى (ياكى ساخاۋەتلىك ئىشلارنى) قىلغانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز رەھىم-شەپقىتى بىلەن، يەنى يېڭىباشتىن تۇغۇلۇپ يۇيۇلۇپ تازىلىنىشىمىز ۋە مۇقەددەس روھ ئارقىلىق يېڭىلىنىشىمىز بىلەن قۇتقۇزدى». («تىتۇس» 3-باب 5-ئايەت)

## 3. خۇداغا ئىشىنىدىغان ئاتا-ئانا

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر، «خۇداغا ئىشىنىدىغان ئائىلىدە تۇغۇلۇشى»نى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشىنىڭ ئۈمىدى قىلىدۇ. ئۇلار:«مەن ئەزەلدىن ئېتىقادچى» دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ھېچقانداق ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا روھقا ئائىت ھاياتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. خۇدامۇ ئىنسانلارنى تۇغۇلۇش بىلەنلا ئېتىقادچى قىلمايدۇ. خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم يېڭىباشتىن تۇغۇلۇش كېرەك. ھەزرىتى ئەيسا ئېيتقان يېڭىباشتىن تۇغۇلۇشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەربىر ئادەمگە قارىتا ئېيتىلغان. رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «يېڭىباشتىن تۇغۇلۇشۇڭلار كېرەك!» («يۇھاننا» 3-باب 7-ئايەت)

## 4. ناھايىتى ئەخلاقلىق ھايات كەچۈرۈش

بەزى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمىگەن ئادەملەر ناھايىتى ئەخلاقلىق تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. بۇ گەرچە ماختاشقا لايىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن، بۇ كىشىلەرنى جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ. خۇدا بىكىتكەن ئادىللىقنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئادەمدىكى ئادىللىقنىڭ ئۆلچىمىنى سېلىشتۇرغاندا ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا يېزىلغاندەك، بىزدە بار بولغان «ئادىللىق»، بىزنىڭ قىلغان بارلىق ياخشى ئىشلىرىمىز خۇدانىڭ نەزىرىدە خۇددى پاسكىنا يىرتىق كىيىمگە ئوخشايدۇ. يەشايا پەيغەمبەر مۇنداق يازىدۇ:

«بىز ھەممىمىز پاك ئادەملەر ئەمەس، بارلىق پاكلىقىمىز پاسكىنا كىيىمگە ئوخشايدۇ». («يەشايا» 46-باب 6-ئايەت)

## 5. سۇغا چۆمۈلۈش ۋە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ ئەزالىق بەلگىسى

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئالىلىقاچان چۆمۈلۈشنى قوبۇل قىلىپ بولغانلىقى ئۈچۈن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتىم دەپ ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى قۇتقۇلدۇرالمايدۇ. بىز چوقۇم مۇقەددەس روھتا يېڭىباشتىن تۇغۇلۇشىمىز كېرەك. قۇتقۇزۇلۇش ھەرقانداق بىر جامائەتچىلىك ياكى تەشكىلاتتا ئەمەس! «مۇقەددەس كىتاب»تا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بىر ئادەمدە، يەنى ئەيسا مەسىھتە دېيىلگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«پەقەت ھەزرىتى ئەيسالا بىزنى قۇتقۇزالايدۇ، چۈنكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ھەزرىتى ئەيسادىن باشقا خۇدا تەيىنلىگەن ھېچقانداق قۇتقۇزغۇچى يوقتۇر!» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 4-باب 12- ئايەت)

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. قۇتقۇزۇلۇش بولسا بىزنىڭ ... ( )
(1) بەزى ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزدۇر.
(2) خۇدانىڭ ئوغلى بىلەن ھەقىقىي ئالاقە باغلىشىمىزدۇر.
(3) تىرىشىپ ئۆزىمىزنى سەممىي قىلىشىمىزدۇر.

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسى كىشىلەرنى ئەيسا مەسىھ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە قىلالايدۇ. ( )
(1) ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش.
(2) ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە قاتنىشىش.
(3) «مۇقەددەس كىتاب» ئىچىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئۆگىنىش.

3. «مۇقەددەس كىتاب» ئەيسا مەسىھنى ( )
(1) دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئادەم
(2) بىزنىڭ مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق ئۈلگىمىز
(3) بىزنىڭ رەببىمىز دەپ تەكىتلەيدۇ.

4. «رەب» دېگەن بۇ سۆز ( )
(1) «يېڭى ئەھدە»دە بىر نەچچە قېتىم كۆرىلىدۇ.
(2) «يېڭى ئەھدە»دە 123 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ.
(3) «يېڭى ئەھدە»دە 522 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ.

5. «رەب» دېگەن بۇ سۆز ( )
(1) ھوقۇق، خوجايىنلىق ھوقۇقى ۋە نوپۇزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
(2) ھوقۇق ۋە نوپۇزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
(3) ھوقۇق، خوجايىنلىق ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

6. ئەڭ چوڭ بۇيرۇق ( )
(1) ئون پەرمانغا بويسۇنۇش.
(2) ئۆزىمىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ئاساسەن خۇداغا خىزمەت قىلىش.
(3) پۈتۈن قەلب بىلەن خۇدانى سۆيۈش.

7. رەب ئەيسانى قوبۇل قىلىش بولسا، ( )
(1) ئۆزىمىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، بىر ئۆمۈر ئۇنى سۆيۈپ، سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا بەل باغلاش.
(2) پەقەتلا ئۇنىڭ پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنىڭ رەببى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.
(3) چۆمۈلۈشنى قوبۇل قىلىپ، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە قاتنىشىش.

8. «مۇقەددەس كىتاب» ( )
(1) نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان يوللار بىلەن خۇدانىڭ قېشىغا بارغىلى بولىدۇ دەپ تەلىم بېرىدۇ.
(2) خۇدانىڭ قېشىغا بارىدىغان پەقەت بىرلا يول بار دەپ تەلىم بېرىدۇ.
(3) ھەربىر ئادەم خۇدانىڭ قېشىغا بارىدىغان توغرا يولنى ئۆزلىرى تاللايدۇ دەپ تەلىم بېرىدۇ.

9. «مەن ئەزەلدىن ئېتىقادچى» دېگۈچىلەر ( )
(1) خاتا چۈشەنگەن. چۈنكى، خۇدا ھەرقانداق ئادەمنى تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئېتىقادچى قىلمايدۇ.
(2) تەلەيلىكلەردۇر چۈنكى ئۇنىڭ خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاتا-ئانىسى بار.
(3) ئالاھىدە روھقا ئائىت تەجرىبىگە ئىگە ئادەمدۇر.

10. ئاچكۆزلۈك بولسا... ( )
(1) ئىدىيە جەھەتتىكى گۇناھ بولۇپ ئۇ كىشىلەرنى نۇرغۇنلىغان باشقا گۇناھلارغا سۆرەپ كىرىدۇ.
(2) ئانچە ئېغىر گۇناھ ئەمەس، چۈنكى ئۇنى كىشىلەر بىلمەيدۇ.
(3) «مۇقەددەس كىتاب»تا ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمايدىغان گۇناھ.

## بۇ دەرستە سىز ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت نېمە؟

# توققۇزىنچى دەرس

## مەن ئۆزۈمنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىمنى قانداق بىلىمەن؟



«مەن بۇلارنى خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغان سىلەرگە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى بىلسۇن، دەپ يازدىم». («يۇھاننا يازغان 1ـ خەت» 5ـباب 13ـئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

بىر ئادەم ئەيسا مەسىھنى ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ ئىشەنگەن چاغدا، ئۇ يېڭىباشتىن تۇغۇلغان بولىدۇ. يېڭىباشتىن تۇغۇلۇش يەنىلا خۇدانىڭ مۆجىزىسى. ئومۇملاشتۇرغاندا، خۇدانىڭ ئۇلۇغ قۇتقۇزۇشىنىڭ تۆۋەندىكى تۆت خىل چوڭ ئامىلى بار.

### 1. مەسىھنىڭ خىزمىتى

ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى بىلەن مەسىھ بىز ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىش خىزمىتىنى تاماملىدى. مەسىھنىڭ خىزمىتى تەلتۆكۈس ۋە قۇسۇرسىزدۇر. مەسىھنىڭ خىزمىتى ئارقىلىقلا گۇناھلىرىمىز خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

### 2. خۇدانىڭ كالامى

خۇدا سۆزلىرىدە بىزگە مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن تاماملىغان بارلىق ئىشلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن. مەسىھنىڭ خىزمىتى ھەقىقىيدۇر، ئوخشاشلا خۇدانىڭ كالامى(سۆزى) ھەقىقىيدۇر.

### 3. بىزنىڭ خۇدانىڭ كالامىغا بولغان ئىشەنچىمىز

بىز خۇدانىڭ كالامىغا ئىشەنسەك، مەسىھنىڭ خىزمىتى ئېلىپ كەلگەن بارلىق شاپائەتلەرگە ئېرىشەلەيمىز. خۇدانىڭ كالامىغا ئىشىنىش دېگەنلىك خۇدا دېگەن بارلىق سۆزلەرگە ئىشىنىش دېمەكتۇر. ئەگەر بىز ئىشەنمىسەك ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيمىز.

## 4. مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتى

بىز خۇدانىڭ كالامى ۋە مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن تاماملىغان بارلىق ئىشلىرىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، مۇقەددەس روھ بىزنىڭ ھاياتىمىز ئىچىدە رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ. بىز يېڭىباشتىن تۇغۇلىمىز! «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

> «چۈنكى سىلەر يېڭىباشتىن تۇغۇلدۇڭلار. بۇ يېڭى ھايات ئۆلىدىغان تەن ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆلمەيدىغان، يەنى خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە قىلىدىغان ۋە مەڭگۈ مەۋجۇت بولغان سۆزى ئارقىلىق بولدى». («پېترۇس يازغان 1-خەت» 1-باب 23-ئايەت)

مەسىھنىڭ خىزمىتى تەلتۆكۈس، نۇقسانسىز بولغاچقا ھەم خۇدانىڭ بىزگە نىسبەتەن زور مۇھەببىتى بولغاچقا، خۇدا بىزنى شەرتسىز ھالدا پۈتۈنلەي كەچۈرىدۇ. خۇدا سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ:

> «ئۇلارنىڭ گۇناھ ۋە خاتالىقلىرىنى قايتا كۆڭلۈمدە ساقلىمايمەن». (ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب 17-ئايەت)




(خۇدا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى پۈتۈنلەي كەچۈرىدۇ)

# بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتۇلدۇرۇشقا ئېرىشكەنلىكىمىزنى قانداق بىلىمىز؟

بىر ئادەم يېڭىباشتىن تۇغۇلغاندا، ئۇ خۇدانىڭ پەرزەنتى بولىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ، خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىمايدۇ. خۇدا ئۆزىنىڭ ھەربىر پەرزەنتىگە ئۇلارنىڭ شەك-شۈبھىسىز ئۆزىنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىنى ھەم مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ دەرستە بىز ئۈچ تەرەپتىن مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق خۇدانىڭ بىزنى قۇتقۇزۇپ، بىزنى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ پەرزەنتى قىلغانلىقىنى بىلىمىز.

## 1. خۇدانىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىنى بىلىمىز.

مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ سۆزلىرىنى بىزگە نىسبەتەن ئەمىلىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاللىقاچان قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىمىزنى بىلەلەيمىز. بىز ئايەت ئوقۇۋاتقان ياكى ئۇنى ئاڭلىغان چېغىمىزدا، تۇيۇقسىز خۇدا بىزگە بىۋاستە سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. بىز مەسىھنىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى تارتقانلىقىنى ھەم گۇناھلىرىمىزنىڭ ئاللىقاچان كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

ئەھۋال مانا مۇنداق بولىدۇ: مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ سۆزلىرىنى بىزگە نىسبەتەن ئەمىلىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ. مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق بىزنى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ؛ بىز قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق بىزگە قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئىشەنچىنى ئىلتىپات قىلىدۇ.

«مۇقەددەس كىتاب»تا بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار. يۇھاننا مۇنداق يازىدۇ:

> «بۇ گۇۋاھلىق شۇكى، خۇدا بىزگە مەڭگۈلۈك ھاياتنى تەقدىم قىلدى. بۇ ھاياتلىق ئۇنىڭ ئوغلىدىدۇر. شۇڭا خۇدانىڭ ئوغلىنى قوبۇل قىلغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىراق خۇدانىڭ ئوغلىنى قوبۇل قىلمىغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە بولمىغان بولىدۇ». («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 5-باب 11-، 12-ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئايەت شۇنى چۈشەندۈرىدىكى: رەببىمىز ئەيساغا ئېتىقاد قىلغانلاردا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمىغانلاردا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بولمايدۇ.




(مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق
بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشمىزگە كاپالەتلىك قىلىدۇ)

ئېتىقادىمىزنىڭ ئىشەنچلىك ئاساسى خۇدانىڭ سۆزلىرىدۇر، قانداقتۇر ئۆزىمىزنىڭ ھېسسىياتى ياكى تەجرىبىسى ئەمەس. بەزى ئادەملەر خۇدانىڭ سۆزلىرىدە ئېيتىلغانلىرىغا قارىماي، ئۆزىدىكى تىنچلىق ۋە خۇشاللىقنىڭ تۇيغۇسىنى ئىزدەيدۇ. بەزى ئادەملەر: «بىر ئادەم قۇتقۇزۇلغاندا خۇشاللىق ھېس قىلمامدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. جاۋاب ناھايىتى ئېنىق. ئەلۋەتتە خۇشال بولىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى بىز تۇيغۇمىزغا تايىنىپ ئەمەس بەلكى يەنىلا خۇدانىڭ سۆزلىرىگە تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتۇق. بىز ئالدى بىلەن خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنسەك، ئاندىن بىزدە تىنچلىق ۋە خۇشاللىق تۇيغۇسى بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «ئۈمىدنىڭ مەنبەسى بولغان خۇدا مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن سىلەرنىڭ ئۈمىدكە تولۇپ تېشىشىڭلار ئۈچۈن، قەلبىڭلارنى شاد-خۇراملىق ۋە ئامانلىققا تولدۇرغاي!» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 15-باب 13-ئايەت)

بىر خانىم خۇدانىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق بىر قىزغا قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بەردى. ئىلگىرى ئۇ قىز قۇتقۇزۇلۇش يولىنى خاتا چۈشەنگەنىدى. ئۇ قىز:«مەن قۇتقۇزۇلغاندا چوقۇم بىر خىل ئالاھىدە تۇيغۇ، ئالاھىدە نۇر ياكى ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرەمدىكىن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن» دېدى.

ئۇ خانىم قولىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نى ئۇ قىزغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا بۇ سىز ئېھتىياجلىق بولغان نۇر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز ئىشەنچىنى خۇدانىڭ كالامىغا قويدى. ئاخىرىدا بۇ قىز ئۆزى تەشنا بولغان تىنچلىق ۋە خۇشاللىقنى تاپالىدى.

بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ ئاساسى چوقۇم خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ تۇيغۇمىزغا تايانماسلىقىمىز لازىم. نۇرغۇنلىغان ئېتىقادچىلار قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن دەسلەپكى چاغلاردا زور خۇشاللىققا چۆمىدۇ، لېكىن ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خۇشاللىق تۇيغۇلىرى سۇسلىشىدۇ ھەتتا يوقاپ كېتىدۇ. بۇ مەزكۇر ئېتىقادچىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشتىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ياق، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. ئۇ پەقەت دەسلەپتە بېشىدىن كەچۈرگەن خۇشاللىق تۇيغىسىنىلا يوقاتقان خالاس.

مېنىڭ قىممەت باھالىق بىر ئۈزۈكۈم يوقاپ كەتتى دەپ پەرەز قىلايلى. كېيىن مەن ئۇنى تېپىۋالدىم. مەن ئۇنى تېپىۋالغان ئاشۇ ۋاقىتتا، قەلبىم تەبئىي ھالدا خۇشاللىققا چۆمىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مەن دەسلەپكىدەك ئۇنداق خۇشال بولۇپ كەتمىدىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مەندىكى خۇشاللىق بارا-بارا يوقالدى. لېكىن مەن يەنىلا ئۇ ئۈزۈككە ئېرىشكەنىدىم.

بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش تەجرىبىمىزمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. بىزنىڭ خۇشاللىق تۇيغۇمىز ئاستا-ئاستا سۇسلىشىدۇ، ھەتتا يوقايدۇ. لېكىن بىز يەنىلا مەسىھكە ئىگە. بىزنىڭ تۇيغۇمىز مەيلى قانداق بولمىسۇن، بىز «خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغانلار، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە» دېگەن سۆزدىن بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىمىزنى بىلىمىز.

## 2. مۇقەددەس روھنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىنى بىلىمىز.

بىر ئادەم خۇدانىڭ پەرزەنتى بولغان چاغدا، مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «سىلەرنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ روھىنى قەلبىڭلارغا سالدى. بۇ روھ سىلەرنى خۇدائاتىنى ‹ئى ئاتا، ئى دادا› دەپ چاقىرتىدۇ». («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 4-باب 6-ئايەت)

خۇدانىڭ مۇقەددەس روھنى قەلبىمىزدە تۇرۇشى ئۇچۇن ئەۋەتىشى بىزنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. خۇدانىڭ ھەربىر پەرزەنتىنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس روھ بولىدۇ. ئەگەر بىزدە مۇقەددەس روھ بولمىسا بىز خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولالمايمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇدانىڭ روھى ھەقىقەتەن قەلبىڭلاردا ياشىغانلىقتىن، سىلەر گۇناھكار تەبىئىتىڭلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرۇۋاتىسىلەر. قەلبىدە ئەيسا مەسىھنىڭ روھى بولمىغان ئادەم ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ ئەمەستۇر». («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 8-باب 9-ئايەت)

مۇقەددەس روھنىڭ قەلبىمىزدىكى خىزمەتلىرىنىڭ بىرى بىز بىلەن بىرلىكتە بىزنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى مۇقەددەس روھ قەلبىمىزدە خۇدانىڭ بىزنىڭ ئاتىمىز ئىكەنلىكىنى ھەم بىزنىڭ ئۇنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ دېگەنلىك. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بۇ مۇقەددەس روھ ئۆزىمىزنىڭ روھى بىلەن بىللە بىزنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ». («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 8-باب 16-ئايەت)




(مۇقەددەس روھ بىزنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ)

## 3. ھاياتىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىمىزنى بىلىمىز.

بىز مەسىھكە بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىز دەپ ئىشەنگەن ۋاقتىمىزدا، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىشەنگۈچىلەر بۇنى «مەسىھ ئىچىدىكى يېڭىدىن يارالغان ئادەم» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «بىر كىشى قۇتقۇزغۇچى مەسىھتە بولىدىكەن، ئۇ يېڭى يارالغان ئادەمدۇر. كونا ھايات ئۆتۈپ كەتتى، يېڭىسى باشلاندى». («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 2-خەت» 5-باب 17- ئايەت)

بىز مەسىھنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بىزدە يېڭى ئارزۇ پەيدا بولىدۇ، قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشتىن بۇرۇن، بىز خۇدانىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيتۇق، لېكىن ھازىر بىز بۇ ئىشلارنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىدۇق. «مۇقەددەس كىتاب» بىزنىڭ يېڭى كىتابىمىز بولدى. بىز ئۇنى بىلىشكە ۋە چۈشىنىشكە تەشنا بولدۇق. شۇنداقلا دۇئالىرىمىز ئارقىلىق خۇدا بىلەن پاراڭلىششقا باشلىدۇق.

بىزدە يېڭى مۇھەببەت پەيدا بولدى. بۇمۇ قەلبىمىزدە خۇدانىڭ مۇھەببىتىنىڭ بولغانلىقىدىن بولدى. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «بۇ ئۈمىد بىزنى ھەرگىز ئۈمىدسىز قالدۇرمايدۇ. چۈنكى، خۇدا بىزگە تەقدىم قىلغان مۇقەددەس روھ ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى ئاللىبۇرۇن قەلبىمىزگە سىڭدۈرگەن». («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب 5-ئايەت)

خۇدانىڭ مۇھەببىتى قەلبىمىزدە بولغاچقا، بىز تېخى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشمىگەن قېرىنداشلىرىمىز ۋە دوستلىرىمىزغا كۆڭۈل بۆلەلەيمىز. بىز ئۇلارنىڭمۇ مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى رەب دەپ تونۇشىنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىمىز. بىز باشقا ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن بىر خىل ئالاھىدە مۇھەببەتتە بولىمىز. بۇمۇ بىزنىڭ يېڭىباشتىن تۇغۇلغانلىقىمىزنى بىلىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان :

> «بىز قېرىنداشلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئۆتكەنلىكىمىزنى بىلىمىز. مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتمىگەن كىشى ئۆلۈمنىڭ ئىلكىدە قالىدۇ». («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 3-باب 14-ئايەت)



(ئېتىقادچىلار مەسىھنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن يارالغان ئادەم)

بىزدە يېڭى بىر پوزىتسىيە پەيدا بولىدۇ. بۇرۇن بىز خۇدانى سۆيمەيتتۇق ھەم ئۇنىڭغا بويسۇنمايتتۇق ھازىر بىز ئۇنى سۆيىمىز ھەم ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىمىز.

بىزنىڭ ياشاش شارائىتىمىز ئۆزگەرمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئۆزگىرىش بىر كېچىدىلا يۈز بەرمەيدۇ. لېكىن، بىر يېڭىباشتىن تۇغۇلغان ئادەمگە نىسبەتەن بۇ خىل ئۆزگىرىش چوقۇم يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى مەسىھنىڭ ئۆزى جەننەتتە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇقەددەس روھ سالاھىتى بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزدە تۇرغانلىقى ئۈچۈندۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «ئۆزۈڭلاردا ھەقىقىي ئېتىقاد بارمۇ يوق، بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار. ئەيسا مەسىھنىڭ قەلبىڭلاردا ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ ئۇنداق بولمىغاندا تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن بولىسىلەر» («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 2-خەت» 13-باب 5- ئايەت).

## بويسۇنۇش ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ

تېخى ئەمدىلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن ئېتىقادچى بەلكىم خۇدانىڭ سۆزلىرى ۋە خۇدانىڭ ئۇنىڭغا قىلدۇرىدىغان ئىشلىرىنى ئانچە چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن ئۇ چوقۇم خۇداغا بويسۇنۇشنى خالايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ھەقىقەتەن قۇتقۇزۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىدا خۇداغا بويسۇنۇشنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. ئېتىقادچىلار بويسۇنغۇچىلاردۇر. (يەنى ئۇلار خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل

قىلغۇچىلاردۇر.) «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

> «خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلساق، ئۇ چاغدا خۇدانى تونۇغانلىقىمىزنى بىلەلەيمىز». («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 2-باب 3- ئايەت).

خۇداغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان ئادەمگە نىسبەتەن، خۇدانىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىشەنچ بەرمەيدۇ. داڭلىق خۇش خەۋەر تارقاتقۇچى «مۇدى» مۇنداق دەيدۇ،

> «مۇنداق ئىككى خىل ئادەمدە قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشنىڭ ئاساسى بولمايدۇ، بىرى ئىبادەتخانىغا بارىدىغان، لېكىن ھاياتى قىلچىلىكمۇ ئۆزگەرمىگەن، يەنى يېڭىباشتىن تۇغۇلمىغان ئادەمدۇر، يەنە بىرى خۇداغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان ئادەملەر».

ئېتىقادچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن خۇدانىڭ بىزگە كۆرسەتكەن ئىرادىسىنى ئورۇنداش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بىز خۇداغا بويسۇنىشىمىز كېرەك. تۆۋەندە بىز بىر قانچە مىسال كۆرىمىز.

## ● باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەسىھنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك

بىر ئادەم ھەزرىتى ئەيساغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. خۇدا بىزگە پەقەت قەلبىمىزدىلا ئىشىنىشىمىزنى ئەمەس، بەلكى چوقۇم ئېغىزىمىزدا ئۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىزنى ئېيتقاندى. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى تىلىڭىدا ئىقرار قىلىپ، خۇدانىڭ ئۇنى تىرىلدۈرگەنلىكىگە قەلبىڭدىن ئىشەنسەڭ، قۇتقۇزۇلىسەن. چۈنكى، ئىنسان قەلبىدە ئېتىقاد قىلىش بىلەن ھەققانىي ئادەم دەپ جاكارلىنىدۇ. تىلىڭدا ئىقرار قىلىش بىلەن قۇتقۇزۇلىدۇ». («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت » 10-باب 9-، 10- ئايەت).

مەسىھنى «ئىقرار قىلىش» نىڭ مەنىسى تۇققانلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز ۋە باشقىلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ئالىلىقاچان مەسىھنى قۇتقۇزغۇچىڭىز ۋە خوجايىنىڭىز قىلغانلىقىڭىزنى ئېيتىش دېمەكتۇر. ھەزرىتى ئەيسا شۇنداق شاپائەت بىلەن بىزنى قۇتقۇزغانىكەن، بىزمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن نومۇس قىلماسلىقىمىز كېرەك.

نومۇس قىلىدىغان ئادەم ئېتىقادچى ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيا كىشىلىرىدۇر. بۇ دۇنيا كىشىلىرى يەنىلا گۇناھنىڭ ئىلكىدە تۇرماقتا. لېكىن بىز ئالللىقاچان ئەركىنلىككە ئېرىشتۇق. ئۇلار مەڭگۈلۈك جازاغا يۈزلەنگەن، لېكىن بىز رەببىمىز بىلەن مەڭگۈ بىللە بولۇش ئۈمىدىدە. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيا كىشىلىرى نومۇس قىلىشقا لايىق.

ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ ئالدىدا رەببىمىز ئەيسانى ئېتىراپ قىلساق، ئۇمۇ ئاسماندىكى ئاتىسىنىڭ ئالدىدا بىزنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەگەر بىز كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى رەت قىلساق، ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا بىزنى رەت قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا مېنى ئېتىراپ قىلغانلارنى، مەنمۇ ئەرشتىكى ئاتامنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىمەن؛ ئىنسانلار ئالدىدا مېنى ئېتىراپ قىلمىغانلارنى مەنمۇ ئەرشتىكى ئاتام ئالدىدا ئېتىراپ قىلمايمەن». («ماتتا» 10ـ باب 32ـ، 33ـ ئايەت)

بىز باشقىلارغا قۇتقۇزۇلۇش ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. سانسىزلىغان كىشىلەر بۇ قۇتقۇزۇلۇش ئۇسۇلىنى بىلمىگەنلىكىدىن ھالاك بولماقتا. چۈنكى، ئۇلارغا بىرەرسى تەپسىلىي ھالدا قانداق قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشنى سۆزلەپ بېرىپ باقمىغان. بىزدە چوقۇم باشقىلارغا «مەسىھ مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈردى ھەمدە ماڭا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلدى، مەن سىز بىلەن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش يولىدىن بىرلىكتە بەھرىمان بولسام بولامدۇ؟» دەيدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك. ھەربىر قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن ئادەم خۇدانىڭ گۇۋاھچىلىرى بولۇشقا چاقىرىلغان. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «دۈشمەنىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، خۇدانىڭ قۇتقۇزۇلۇشىغا ئېرىشكۈچىلەر، خۇدانى مەدھىيىلىسۇن!» («زەبۇر» 107ـ باب 2ـ ئايەت)

## ● سۇغا چۆمۈلۈشنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك

ئېتىقادچىلار سۇغا چۆمۈلۈشنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەيسا مەسىھكە بولغان ئېتىقادىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. رەببىمىز ئەيسا شاگىرتلىرىغا ئۆزىگە ھەقىقىي ئېتىقاد قىلغان ئادەملەرنى چۆمۈلدۈرۈشكە بۇيرۇق بەرگەنىدى. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا بېرىپ، پۈتۈن ئىنسانلارنى مېنىڭ شاگىرتلىرىم قىلىپ يېتىشتۈرۈڭلار. ئۇلارنى ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ-نىڭ نامى بىلەن چۆمۈلدۈرۈڭلار». («ماتتا» 28-باب 19-ئايەت).

سۇغا چۆمۈلۈش دېگەن نېمە؟ سۇغا چۆمۈلۈش بىر خىل مۇراسىمدۇر. بۇ ئارقىلىق بىز مەسىھنىڭ ئۆلۈمى، دەپنە قىلىنىشى ۋە قايتا تىرىلىشىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيمىز. بىزنىڭ سۇغا كىرىپ، چۆمۈلۈشكە تەييارلىق قىلغان ۋاقتىمىز، ئۆزىمىزنى ئەيسا مەسىھكە تاپشۇرغانلىقىمىزغا بەرگەن گۇۋاھلىقىمىز بولىدۇ. سۇغا پاتۇرۇلغانلىقىمىز بىزنىڭ مەسىھنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە كۆمۈلگەنلىكىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىزنىڭ سۇدىن چىققان ۋاقتىمىز بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تىرىلگەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدۇ.

رەببىمىز ئەيسا ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ سۇغا چۆمۈلۈشى كېرەكلىكىنى بۇيرۇدى. بىز سۇغا چۆمۈلۈش مۇراسىمى ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ رەببىمىز ئەيسا مەسىھكە تەۋە ئىكەنلىكىمىزنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىمىز.

بىز سۇغا چۆمۈلۈشنىڭ ئادەمنى قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۇ پەقەت مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى رەب دەپ قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئوچۇق-ئاشكارا شاھىتلىق، خالاس. پەقەت قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن ئادەملا سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشى كېرەك.




(سۇغا چۆمۈلۈش رەببىمىز بىلەن بىللە ئۆلۈش، بىللە كۆمۈلۈش، بىللە تىرىلىشنى ئىپادىلەيدۇ)

## ● بىز ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشىمىز كېرەك

رەببىمىز ئەيسا بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ جامائەتچىلىكىنى قۇرۇش توغرىسىدا توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

> «مەن ئۆزۈمنىڭ جامائەتچىلىكىمنى بۇ تاشنىڭ ئۈستىگە قۇرىمەن. قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئىشكىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېگەنىدى. («ماتتا» 16-باب 18-ئايەت).

رەببىمىز ئەيسا تىلغا ئالغان جامائەتچىلىك بىر قۇرۇلۇشنى ئەمەس، بەلكى ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مىللىتى، ئىرقى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ئوخشىمايدىغان ھەربىر بېغىشلانغان ئېتىقادچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جامائەتچىلىكنىڭ ئەزالىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان.

بارلىق ئېتىقادچىلارنى ئوخشاش ۋاقىتتا بىر جايغا جەم قىلىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئوخشاش رايوندىكى ئېتىقادچىلار دائىم بىرلىكتە خۇداغا سەجدە قىلىپ ئۆزئارا ئالاقە قىلالايدۇ. بۇنداق جامائەتچىلىك «يەرلىك جامائەتچىلىك» دېيىلىدۇ.

ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»نى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىدىغان يەرلىك ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئۇنى سەمىمىي قوللىشى خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر. دۇنيادىكى بەزى جايلاردا بەزىدە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئېتىقادچىلار باشقا ئېتىقادچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلار بىلەن جەم بولسا بولىدۇ. ئەگەر ئىككى-ئۈچ ئېتىقادچى ھەزرىتى ئەيسانىڭ نامىدا بىر يەرگە جەم بولسا، ئۇلار خۇدانىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيدۇ. رەببىمىز ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «قەيەردە ئىككى ياكى ئۈچ كىشى مېنىڭ نامىم بىلەن بىر يەرگە جەم بولسا، مەنمۇ ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولىمەن». («ماتتا» 18-باب 20-ئايەت)

ئېتىقادچىلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، سەجدە قىلغاندا ئېتىقادچىلار دائىم «ئۇشتۇلغان نانى» يەيدۇ. رەببىمىز ئەيسانىڭ بىزگە قالدۇرغان بۇ مۇراسىمى بىزنىڭ ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىزغا ياردىمى بار.

«ئۇشتۇلغان نان»نى يېگەندە، ئېتىقادچىلار رەبنىڭ شارابىنى ئىچىدۇ، بۇ شاراب مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن ئاققۇزغان قېنىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ نان رەببىمىز ئەيسانىڭ بىز ئۈچۈن قۇربان قىلغان تېنىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىز مۇشۇنداق

قىلغاندا بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشىمىزنىڭ مەسىھنىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكى بەدىلىگە كەلگەنلىكى قايتا بىزگە ئەسكەرتىلىدۇ. ھەممىدە بىز ئۇنىڭ قايتا كېلىپ، بىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان ئاشۇ كۈنىگە تەلپۈنىمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

> «شۇنىڭ ئۈچۈن، تاكى رەببىمىز قايتىپ كەلگۈچە ھەر قېتىم بۇ ناننى يېگىنىڭلاردا ۋە ھەر قېتىم بۇ جامدىن شارابنى ئىچكىنىڭلاردا، رەببىمىزنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى جاكارلىغان بولىسىلەر» .(«كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 1-خەت» 11-باب 26-ئايەت)

بەزى كىشىلەر يەرلىك جامائەتچىلىكنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇ ناھايىتى ئېغىر خاتالىق. ھەر قانداق جايدىكى يەرلىك جامائەتچىلىك تەلتۆكۈس بولمايدۇ. چۈنكى، جامائەتچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئادەملەر تەلتۆكۈس، نۇقسانسىز ئەمەس. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەببىمىز ئەيسانىڭ بۇ دۇنيادىكى خىزمىتىنى تاماملاش ئۈچۈن تاللانغان قۇرالدۇر. بىز ھەرگىزمۇ باشقا ئېتىقادچىلار بىلەن يەرلىك جامائەتچىلىكتە يىغىلىشقا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «بەزىلەرنىڭ ئادەتلەنگىنىدەك، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى بىلەن جەم بولۇشتىن باش تارتمايلى. ئەكسىچە، قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ قايتا كېلىدىغان كۈنىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بىلگەن ئىكەنمىز، بىر-بىرىمىزنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرەيلى». (ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب 25-ئايەت)

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە ئاخىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ «ئويۇن-تاماشانى ياخشى كۆرۈپ، خۇدانى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى» ئېيتىپ بېرىدۇ. («تىموتىيغا يېزىلغان 2-خەت» 3-باب 4-ئايەت)

ئەگەر خۇدانىڭ خەلقى دۇنيادىكى قىسقىغىنە راھەت-پاراغەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە بېرىپ سەجدە قىلىشقا تېگىشسە بۇ نېمە دېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش-ھە!




(بىز ھەرگىزمۇ يەرلىك ئېتىقادچىلار
جامائەتچىلىكىگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك)

## • بىز ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشىمىز لازىم

بىز مەسىھنى رەب دەپ قوبۇل قىلغان ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بىز ئېتىقادچىلىق ھاياتىمىزنى باشلايمىز. بىزنىڭ بۇ ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشىمىز ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن ھاياتىمىزمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۆكۈمگە ئۇچرايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«دېمەك، ھەربىرىمىز خۇدا ئالدىدا ئۆزىمىزدىن ھېساب بېرىمىز». («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 14-باب 12-ئايەت)

خۇدانىڭ ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ ھاياتىغا نىسبەتەن ئورۇنلاشتۇرۇشى بار. بۇ خۇدانىڭ بىزنى مەلۇم ئىشنى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تايىنىپ، قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيمىز. لېكىن بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىمىز ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈندۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بىز ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، خۇدا بىزنى يېڭى ئادەم قىلدى. شۇڭلاشقا، خۇدا بىز ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلالايمىز» («ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 2-باب 10-ئايەت).

سىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەمسىز-يوق؟ خۇدا ئاللىقاچان رەببىمىز ئەيسا ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلغان بارلىق ئېتىقادچىلارنى مۇكاپاتلاش ئىجازىتىنى بەرگەن. ئەلچى پاۋلۇس مەسىھنىڭ سادىق خىزمەتچىسى، ئۇ يەنىلا رەبنىڭ مۇكاپاتىغا تەشنا ئىدى. پاۋلۇس مۇنداق يازىدۇ:

«مەن خۇدا يولىدا ئاخىرغىچە جەڭ قىلدىم يەنى يۈگۈرۈش
مۇسابىقىسىنىڭ پۈتۈن مەنزىلىنى بېسىپ بولدۇم،

ئېتىقادنى چىڭ تۇرۇپ كەلدىم. ھازىر ھەققانىيلىقنىڭ غەلىبە تاجى مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇنى، ئادىللىق بىلەن سوراق قىلىدىغان رەببىمىز قايتا كەلگەندە، ماڭا قىيدۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، ئۇنىڭ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بولەن كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسگە كىيدۇرىدۇ». (تىموتىيغا يېزىلغان 2-خەت» 4-باب 7-، 8- ئايەت)

## • ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا خۇداغا ئىتائەت قىلىشىمىز كېرەك

رەببىمىز ئەيسا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە راھەت-پاراغەت تۇرمۇشنى ئىلتىپات قىلىشقا ئىجازەت بەرمىگەن. ئەكسىچە ئۇ بىزگە سىنىلىش ۋە چىنىقتۇرۇشلارغا تەييار تۇرۇشىمىزنى ئېيتىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«... دۇنيادا سىلەرگە ئازاب-ئوقۇبەتلەر بار. لېكىن خاتىرجەم بولۇڭلار مەن ئالىلىقاچان بۇ دۇنيا ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانمەن» («يۇھاننا» 16-باب 33-ئايەت).

بىز رەببىمىز ئەيسانىڭ خىزمەتچىلىرى، خىزمەتچىلەر خوجايىنىدىن ئۈستۈن بولالمايدۇ. بىزنىڭ خوجايىنىمىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانىكەن، بىزمۇ زىيانكەشلىككە قارىتا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر مېنىڭ بۇرۇن سىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. خىزمەتچى خوجايىنىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇلار ماڭا زىيانكەشلىك قىلسا، سىلەرگىمۇ شۇنداق قىلىدۇ...». («يۇھاننا» 15-باب 20-ئايەت)

بىز مەسىھ ئۈچۈن ھاياتىمىزدىن ئايرىلامدۇق ياكى ئايرىلمامدۇق بۇنى بىلمەيمىز. بىراق ئەگەر بىز رەببىمىز ئۈچۈن ياشىساق، چوقۇم مەلۇم خىلدىكى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولۇپ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە ئىرادە باغلىغانلارنىڭ ھەممىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ». («تىموتىيگە يېزىلغان 2-خەت» 3-باب 12-ئايەت)

مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرمىسۇن بىز چوقۇم ھەزرىتى ئەيساغا سادىق بولۇشىمىز كېرەك. رەببىمىز ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «...كەلگۈسىدە ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقلاردىن قورقمىغىن، ئۆلگىچە سادىق بول. مەن ئاندىن ساڭا ئاشۇ نۇسرەت تاجىنى كىيدۈرىمەن». («ۋەھىي» 2-باب 10-ئايەت)

---

# بايقالغان ھەقىقەت

**بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش ۋە بويسۇنۇش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئاساسىغا ئېرىشەلەيمىز.**

---

## پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

مەن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىمنى قانداق بىلىمەن؟

«يۇھاننا» 10-باب

«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب 1- ئايەتتىن 11-ئايەتكىچە

«يۇھاننا يازغان 1-خەت» 5-باب

# قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى ۋە مۇكاپات

ھەربىر ئېتىقادچى قۇتۇلدۇرۇش ئىلتىپاتى بىلەن مۇكاپاتنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوخشىمايدىغان تەرىپى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ. 1. قۇتۇلدۇرۇلۇش ئىلتىپاتى ھەقسىز، مۇكاپات بولسا ھەقلىق بولىدۇ. 2. بىزدە ھازىر قۇتۇلدۇرۇش ئىلتىپاتى بار. لېكىن مۇكاپات كەلگۈسىدە جەننەتكە بارغاندىن كېيىن بولىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلارنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى ھەقسىز، لېكىن مۇكاپات ھەقلىق بولىدۇ

«مۇقەددەس كىتاب»تا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بولسا مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى رەب دەپ تونىغان بارلىق ئادەملەرگە بېرىلىدىغان سوۋغات دېيىلگەن. بۇ سوۋغاتنى كىشىلەر سېتىۋالالمايدۇ ھەم تېپىۋالالمايدۇ، ھەم ھېچقانداق ئادەم ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «سىلەر ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىپ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدىڭلار. بۇ قۇتقۇزۇلۇش ئۆزۈڭلاردىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن ئىلتىپاتتۇر. سىلەر ھەرگىزمۇ ساۋابلىق ئىشلار بىلەن قۇتقۇزۇلغان ئەمەس، شۇڭا سىلەرنىڭ ماختىنىشقا ھەققىڭلار يوق». («ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 2-باب 8-، 9- ئايەت)




(بىز رەببىمىز ئەيسانى ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ قوبۇل قىلغاندا خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى قوبۇل قىلىمىز)

مۇكاپات بىلەن قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى ئوخشىمايدۇ. مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلەش كېرەك. قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى بولسا، خۇدا بىزگە ئاتا

قىلغان سوۋغات، لېكىن مۇكاپات ھەربىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كېلىدۇ. مۇكاپات پەقەت ئېتىقادچىلارغىلا بېرىلىدۇ، ئېتىقاد قىلمىغانلار ئېرىشەلمەيدۇ. بىز قانداق قىلغاندا مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيمىز؟ بىز يەنىلا رەببىمىز ئەيساغا چىن قەلبىمىزدىن بويسۇنۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيمىز.

## 2. بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا ئىگە. لېكىن مۇكاپاتقا كەلگۈسىدە ئېرىشىمىز.

«مۇقەددەس كىتاب»تا ئېتىقادچىلاردا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى بار دېيىلگەن. خۇدا ئۆزى: «ئېتىقادچىلاردا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بار» دېگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئەگەر بىزدە مەسىھ بولسا، بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىمىز دېگەندىن ئىبارەت.

لېكىن مۇكاپات ئوخشىمايدۇ. بىز پەقەت جەننەتتىلا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيمىز. بارلىق ئېتىقادچىلار كۆنلەرنىڭ بىرىدە خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىنكى قىلغان ئىشلىرىغا ئاساسەن سوراق قىلىنىدۇ. ئەگەر بىز رەببىمىز ئەيساغا ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلغان بولساق، ئۇ بىزنىڭ زور خۇشاللىققا چۆمگەن كۆنىمىز بولىدۇ. چۈنكى، بىز ئۇ چاغدا ئۆزىمىزگە تېگىشلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىمىز.




(ئېتىقادچىلار نۇسرەت تاجىنى جەننەتتە كىيىدۇ)

قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى بىلەن مۇكاپاتنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ.

قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى ھەقسىز، مۇكاپات ھەقلىق.

بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا ئىگە. لېكىن مۇكاپاتقا كەلگۈسىدە ئېرىشىمىز.

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ ئىشەنچلىك ئاساسى بولسا... ( )
(1) بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن چېغىمىزدىكى كەچۈرمىشلىرىمىز.
(2) خۇدانىڭ سۆزلىرى
(3) بىزنىڭ تىنچلىق ۋە خۇشاللىق تۇيغۇمىز.

2. بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىمىز بولسا...( )
(1) بىز ئۆلگەندىن كېيىن بىلىمىز.
(2) بىز ئۆزىمىزدە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، چۈنكى خۇدا شۇنداق دېگەن.
(3) بىزدە پەقەت ياخشى تۇيغۇلا بولسا، بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىمىزنى بىلىمىز.

3. مۇقەددەس روھ ( )
(1) ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ قەلبىدە تۇرىدۇ.
(2) ئالاھىدە تەجرىبىگە ئىگە ئېتىقادچىنىڭ قەلبىدە تۇرىدۇ.
(3) مەيلى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشسۇن ياكى ئېرىشمىسۇن. ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە بولىدۇ.

4. مۇقەددەس روھنىڭ قەلبىمىزدىكى خىزمەتلىرىنىڭ بىرى بولسا: ( )
(1) ھەر مىنۇت ھەر ۋاقىت بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئازادە قىلىدۇ.
(2) بىزنى خۇشال قىلىدۇ.
(3) بىزنىڭ روھىمىز بىلەن بىرلىكتە بىزنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىمىزنى، خۇدانىڭ بىزنىڭ ئاتىمىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

5. ھەقىقىي بىر يېڭىباشتىن تۇغۇلغان ئادەم... ( )
(1) ئۆزىنىڭ شارائىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقايدۇ.
(2) مەسىھ ئىچىدىكى يېڭىدىن يارالغان ئادەم بولىدۇ.
(3) ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى باشتىن ئۆتكۈزمەيدۇ.

6. بىز يېڭىباشتىن تۇغۇلغاندىن كېيىن، بىزدە يېڭى ئارزۇلار بولىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى...( )
(1) بىز كۈچىمىزنىڭ بارىچە خۇدانى خۇشال قىلىمىز.
(2) بىز تېخىمۇ سەمىمىي بولۇپ ئۆزگىرىمىز.

(3) مەسىھ ئۆزىنىڭ روھى ئارقىلىق بىزنىڭ قەلبىمىزگە كىرىدۇ.

7. ئەگەر بىر ئادەم مەسىھنى ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچى رەببى قىلسا: ( )
(1) ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەسىھنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.
(2) ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەسىھنى ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس.
(3) ئۇنىڭ مەخپىي ئېتىقادچىسى بولۇشى بەربىر...

8. سۇغا چۆمۈلۈش بولسا، بىر خىل مۇراسىم بولۇپ...
(1) بىزنى قۇتقۇزالايدۇ.
(2) بىزنى تېخىمۇ ياخشى ئادەم قىلالايدۇ.
(3) بىزنىڭ مەسىھ بىلەن ئۆلۈپ، دەپنە قىلىنىپ ۋە تىرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدۇ.

9. بىزنىڭ ئېتىقادچى بولغاندىن كېيىن ھاياتىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈشىمىز... ( )
(1) ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە سوراق قىلىنىمىز.
(2) ئانچە مۇھىم ئەمەس، بەربىر بىز ھەممىمىز جەننەتكە بارىمىز.
(3) بىز ئۆلگەندىن كېيىن، جەننەتكە بارالىشىمىز ياكى بارالماسلىقىمىزنى بەلگىلەيدۇ.

10. قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى بىلەن مۇكاپاتنىڭ ئوخشىمايدىغان بىر نۇقتىسى بولسا... ( )
(1) مۇكاپات قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا قارىغاندا تەستە قولغا كېلىدۇ.
(2) مۇكاپات پەقەت ئالاھىدە ئېتىقادچىلارغا بېرىلىدۇ. قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى ھەممە ئېتىقادچىغا بېرىلىدۇ.
(3) قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى بولسا، خۇدا بەرگەن سوۋغات، لېكىن مۇكاپاتقا ئۆزىمىزنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئېرىشىمىز.

## بۇ دەرستە سىز ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت نېمە؟

# ئونىنچى دەرس

## غەلىبە قازىنىشنىڭ يولى



«سىلەردىكى مۇقەددەس روھ بۇ دۇنيادىكى شەيتاندىن ئۇلۇغدۇر» («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 4-باب 4-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم،

سىز رەببىمىز ئەيسانى قۇتقۇزغۇچىم دەپ قوبۇل قىلغان ئاشۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان جەننەتكە بارىدىغان يولدا ماڭغان بولىسىز. بۇ يولدا سىز ۋە مەن نۇرغۇنلىغان باشقا ئېتىقادچىلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا جەننەتكە بارىدىغان بۇ يولدا ماڭىدۇ.

ئېتىقادچى بولۇش ئاجايىپتۇر. لېكىن بىز جەننەتكە بارىدىغان يولدا مېڭىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى بىزنىڭ نۇرغۇن دۈشمەنلىرىمىز بار.

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە ئېتىقادچىلار ئۇچرايدىغان 3 چوڭ دۈشمەنىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ: ئۇلار
(1) بۇ دۇنيا
(2) كىشىلىك تەبىئەت
(3) شەيتان قاتارلىقلاردۇر.

بۇ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ خىزمىتى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار بىزنى گۇناھقا باشلايدۇ، لېكىن خۇدا ئاللىقاچان بىزگە ئۇلارنى يېڭىدىغان بىر يولنى ئېچىپ بەرگەن. بىز بۇ دەرسلىكتە قانداق قىلىپ بۇ ئۈچ چوڭ دۈشمەننى يېڭەلەيدىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

## بىزنىڭ دۈشمىنىمىز - بۇ دۇنيا

«بۇ دۇنيا» دېگەن بۇ سۆز «مۇقەددەس كىتاب»تا بىر نەچچە خىل ئوخشىمىغان

ئۇسۇلدا قوللىنىلىدۇ. بەزىدە ئۇ خۇدا ياراتقان يەر شارىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بۇ دۇنيا كىشىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «يۇھاننا»نىڭ 3-باب 16-ئايىتىدە مۇنداق يېزىلغان:

> «چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيىدىكى...».

ئۈچىنچى خىل مەنىسىنى «يۇھاننا يازغان 1-خەت» 2-باب 15-ئايەتتىن تاپالايمىز. «دۇنيانى سۆيمەڭلار...» بۇ يەردىكى دۇنيا شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.




خۇدا بىزنىڭ ئۆزىنى پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن سۆيۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا :ئەڭ چوڭ بولغان بىرىنچى بۇيرۇق بولسا

> «خۇدايىڭ بولغان رەببىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ ۋە پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆي!» دەيدۇ. («ماتتا» 22-باب 37- ئايەت)

شەيتان بىزنىڭ خۇدانى سۆيمەسلىكىمىزنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنى ئېزىقتۇرىدىغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، بىزنى خۇدانى سۆيدۈرمەيدۇ ھەم ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغۇزمايدۇ.

شەيتان قايسى نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، بىزنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدۇ؟ شەيتان پۇل، كەسىپ، ئويۇن-تاماشا، تەنتەربىيە، تېلېۋىزور، مەلۇم بىر مۇزىكا ۋە ھەرقانداق بىر ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بىلەن بىزنى ئېزىقتۇرىدۇ.

بەزى ئىشلار گۇناھ ئەمەس بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئەگەر بىزنىڭ

قەلبىمىزدە ئۇ نەرسە يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىسە، ئۇلار بىزگە نىسبەتەن گۇناھ بولىدۇ. بىز ھەرقانداق بىر نەرسىنى خۇدادىن بەكرەك ياخشى كۆرسەك، ئۇ بىزگە نىسبەتەن گۇناھ بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بۇ دۇنيانى ۋە بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى سۆيمەڭلار. بۇ دۇنيانى سۆيسەڭلار، ئەرشتىكى ئاتىمىزنى سۆيمىگەن بولىسىلەر». («يۇھاننا يازغان 1ـخەت» 2ـباب 15ـئايەت)



(ھاياتىڭىزدا قايسى ئىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىسىز؟)

پەقەت بۇ دۇنيادىكى نەرسىلەر بىزنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە بەزىدە ئادەملەرمۇ بىزنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدۇ. بىر ئادەم دەسلەپتە قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ يەنە تېخى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشمىگەن دوستلىرى بولىدۇ. ئۇ بۇ دوستلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى ۋە ئۇلارنى رەببىمىز ئەيساغا يۈزلەندۈرۈشكە دەۋەت قىلىشى كېرەك. لېكىن ئۇ بۇ دوستلىرىنىڭ ئۆزىدەك يېڭى ئىشەنگۈچىگە نىسبەتەن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى خۇدادىن ئايرىپ، دۇنياغا تەۋە قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. مۇشۇ سەۋەبتىن يېڭى ئىشەنگۈچىلەر چوقۇم ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئەيسا مەسىھكە تاپشۇرغانلىقىنى باشقا دوستلىرىغا ئېيتىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ناھايىتى مۇھىم.

ئەگەر يېڭىدىن ئىشەنگۈچى مەسىھنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇنىڭ تېخى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشمىگەن دوستلىرى ئۇنى داۋاملىق بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىر ئەزايىمىز دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ سالاھىتىگە ماسلاشمايدىغان پائالىيەتلەرگە تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، ئۇ تېخى قۇتقۇزۇلمىغان دوستلىرىنى رەنجىتىشىم كېرەكمۇ ياكى رەببىم ئەيسانى رەنجىتىشىم كېرەكمۇ دېگەن تالاشقا ئۇچرايدۇ. گەرچە ئۇ بىرىنچى قېتىم مەلۇم باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلاردىن قۇتۇلسىمۇ، لېكىن ئۇلار كېيىن ئۇنى قايتا-قايتا تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن. بىر مەخپىي ئېتىقادچى ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىق ۋە سىناقلار دادىللىق بىلەن مەسىھنى ئېتىراپ قىلغان ئېتىقادچىلارغا قارىغاندا كۆپ بولىدۇ.

خۇدا بىزنىڭ دۇنيادىكى بارلىق گۇناھقا باشلايدىغان ئېزىقلار ئۈستىدىن

غالىب كېلىشىمىزنى ئارزۇ قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا:

«ئەيسا مەسىھ خۇدائاتىمىزنىڭ ئىرادىسى بويىچە گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىپ، بىزنى بۇ رەزىل دۇنيادىن قۇتقۇزدى». («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 1-باب 4-ئايەت)

بىز قانداق قىلغاندا «بۇ دۇنيا» ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز؟ بىز خۇدانى پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن سۆيۈش ئارقىلىق بۇ دۇنيا ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان نەرسىلەر ۋە گۇناھنىڭ لەززەتلىرى بار. لېكىن ئۇلار قەلبىمىزدىكى بوشلۇقنى ھەقىقىي تولدۇرالمايدۇ. پەقەت ئەيسا مەسىھلا بىزنى قانائەتلەندۇرەلەيدۇ.

سىزدە ئەيسا مەسىھكە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كۆپ مۇھەببەت بارمۇ-يوق؟ ئۇنىڭ سىزگە بولغان زور مېھىر-مۇھەببىتىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. سىز ئۇنىڭ سىزنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى ۋە سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن قانداق ئازابلارنى چېكىپ ئۆلگەنلىكىنى ئويلىغىنىڭىزدا، ئۇنى كۆڭلىڭىزدىن-كۆڭلىڭىزدىن تېخىمۇ ياخشى كۆرىسىز. ئەگەر سىز رەببىمىز ئەيسانى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىشلىرىنى ياخشى كۆرىسىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«سىلەر بۇ دۇنيادىكى ئىشلارغا ئەمەس، بەلكى ئەرشتىكى ئىشلارغا باش قاتتۇرۇڭلار». («كولوسىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 3-باب 2- ئايەت)

## بىزنىڭ دۈشمىنىمىز - كىشىلىك تەبىئەت

ئېتىقادچىلارنىڭ ئىككىنچى چوڭ دۈشمىنى بىزنىڭ «بەدىنىمىز» ياكى ئۆزىمىز بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئۆزىمىزنى مەركەز قىلغان گۇناھكار تەبىئىتىمىزدۇر. ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ مۇھىم ئادەمى ئۆزى بولىدۇ. بىزنىڭ كاللىمىزدا مۇنداق ئوي-پىكىرلەر بولىدۇ. يەنى كىشىلەر ماڭا قانداق قارايدۇ؟ بۇ ئەھۋال ماڭا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۇنىڭ ماڭا قانداق پايدىسى بار؟ بۇ ئىش مېنى خۇشال قىلالامدۇ؟ باشقىلار نېمە ئۈچۈن مېنى ئۇنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلىمەيدۇ؟ قاتارلىقلار.

بىز بارلىق گۇناھنىڭ يىلتىزىنىڭ ئۆزىمىزدە ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ئۆتتۇق. بىز ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان يولدا مېڭىشنى خالايمىز. بىز بەك شەخسىيەتچى ھەم ئۆزىمىزنى ئاساس قىلىمىز. بىز باشقىلارنىڭ بىزنى ھۆرمەتلىشىنى ۋە كۆزگە ئېلىشنى ئارزۇ قىلىمىز. بىز باشقىلارنىڭ بىزنى ھاقارەتلىشىنى ئۆچ كۆرىمىز. بىز

ناھايىتى ئاسانلا زەربىگە ئۇچرايمىز. بىز بىر ئىشنى خاتا قىلغاندا ئۆزىمىزگە باھانە ئىزدەيمىز ياكى باشقىلارغا ئارتىپ قويىمىز. ئىشلار ئارزۇيىمىزدىكىدەك بولمىسا خۇشال بولالمايمىز ياكى قاتتىق ئاچچىقلىنىمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى بىر-بىردىن تەكشۈرۈپ چىقىدىغان بولساق، ھەربىر گۇناھنىڭ ئۆزىمىز بىلەن زىچ باغلىنىشى بارلىقىنى بايقايمىز. سەخسىيەتچىلىك بولسا گۇناھنىڭ يىلتىزى




(شەخسىيەتچىلىك بولسا گۇناھنىڭ يىلتىزى)

«ئۆزۈم» دېيىشنىڭ يامان ئاقىۋىتى بولسا، قەلبىمىزدىكى ئەيسا مەسىھكە تەۋە ئورنىنى تارتقۇزۇپ قويۇلۇشتۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«گۇناھكار تەبىئىتىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى ئويلاش خۇداغا دۈشمەندۇر. چۈنكى، گۇناھكار تەبىئىتىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى ئويلايدىغانلار خۇدانىڭ قانۇنىغا بويسۇنمايدۇ، شۇنداقلا بويسۇنالمايدۇ». («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 8-باب 7-ئايەت)




(شەخسىيەتچىلىك خۇدانىڭ قەلبىمىزدىكى ئورنىنى تارتىۋالىدۇ)

خۇدا بىزنىڭ شەخسىيەتچىلىكىمىزگە ئۆچ بولغاچقا ھەم شەخسىيەتچىلىك بىزنى ۋەيران قىلىدىغان بولغاچقا، خۇدا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدۇ. خۇدا بىزنى مەسىھ بىلەن بىللە مىخلاش ئارقىلىق شەخسىيەتچىلىكىمىزگە تاقابىل تۇردى. «مۇقەددەس كىتاب»تا:

«خۇدا بىزنى مەسىھ ئىچىدە مەسىھ بىلەن بىللە كرېستقا مىخلىدى» دېيىلگەن.

ئۇ مىخلانغاندا بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مىخلاندۇق. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، تېنىمىزدىكى گۇناھنىڭ كۈچىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئىلگىركى بىز ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە كرېستقا مىخلىنىپ ئۆلگەن. بىزنىڭ گۇناھكار تېنىمىز ھالاك قىلىندى. بىز ئەمدى گۇناھنىڭ قۇلى ئەمەسمىز». («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 6ـباب 6ـئايەت)

نېمە ئۈچۈن خۇدا بىزنى مەسىھ بىلەن بىللە مىخلايدۇ؟ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بىزنى گۇناھلىرىمىزنىڭ كونتروللىقىغا قايتا ئۇچراتقۇزماسلىق ئۈچۈندۇر.

كېيىنكى دەرسلىكتە بىز تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا بىزنىڭ مەسىھنىڭ ئۆلمى، دەپنە قىلىنىشى ۋە تىرىلىشى بىلەن بىرلىششىمىزدىكى ھەقىقەت توغرىسىدا ئۆگىنىمىز. لېكىن بىز خۇدا بىزنى مەسىھ بىلەن بىللە مىخلاپ، بىزنى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇردى دېگەن ھەقىقەتنى بىلىشىمىز ھەم ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.




(خۇدا بىزنى مەسىھ بىلەن بىللە كرېستقا مىخلىدى.
ھازىر ياشاۋاتقان ئۆزۈم ئەمەس!)

ئېتىقادچى بولۇش سالاھىتىمىز بىلەن خۇدا بىزنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان ھايات كەچۈرۈشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۆزىمىزنى ئەمەس، بەلكى مەسىھنى ئاساس قىلىشى كېرەك. بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، مەسىھ ئۈچۈن ياشىشىمىز كېرەك. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئۆلىشىدىكى مەقسىتى، يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇربان بولۇپ تىرىلگەن قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئۈچۈن ياشىشى ئۈچۈندۇر».
(«كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 2-خەت» 5-باب 15-ئايەت)

بىز بىرلا ۋاقىتتا ھەم رەب ئەيساغا بويسۇنۇپ ھەم ئۆزىمىز ئۈچۈن ياشىيالمايمىز. شەخسىيەتچىلىكىمىزنى يېڭىپ، خۇدانىڭ بىزنى مەسىھ بىلەن بىللە مىخلىنىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتكە تايىنىپ، ھەر كۈنى ئۆزىمىزنى ئىنكار قىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىز ئەمەس، بەلكى مەسىھ ھاياتىمىزنى باشقۇرۇشى كېرەك. رەببىمىز ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«كىملەر مەن بىلەن مېڭىشنى خالىسا، ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا ئەگەشسۇن!». («لۇقا» 9-باب 23-ئايەت)

## بىزنىڭ دۈشمىنىمىز - شەيتان

ئېتىقادچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەشەددىي دۈشمىنى شەيتاندۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يېزىلىدۇ:

«ھوشيار ۋە سەگەك بولۇڭلار، چۈنكى، دۈشمىنىڭلار بولغان شەيتان خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن شىردەك ئاراڭلاردىن بىرىڭلارنى يۇتماقچى بولۇپ، قاتراپ يۈرىدۇ».
(«پېترۇس يازغان 1- خەت» 5-باب 8- ئايەت)

سىز مەسىھنى ئۆزىڭىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ قوبۇل قىلغان چېغىڭىزدا، سىز شەيتاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان قەدەمنى باسقان بولىسىز. سىز شەيتاندىن ئايرىلىپ، رەببىمىز ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان ئادەملەر بىلەن بىر سەپ بولدىڭىز شەيتان ئۆزىنىڭ ئەمدى سىزنى جەننەتكە بارىدىغان يولدىن توسالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە سىزنى سىناپ، سىزنى گۇناھقا باشلايدۇ.

شەيتان بىزنى قانداق سىنايدۇ؟ ئۇ خاتا بولغان ئوي-پىكىرلەرنى كاللىمىزغا سېلىش بىلەن بىزنى سىنايدۇ. شەيتان بىۋاستە مۇشۇنداق قىلىشى ياكى باشقا

نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، مەسىلەن، كىنو، تېلېۋىزور، شەھۋانىي ژورناللار ياكى ئەخلاقسىز دوستلار ئارقىلىق خاتا كۆز قاراشلارنى كاللىمىزغا سېلىشى مۇمكىن.

شەيتان ئەخلاقسىز ئىشلار ياكى خاراكتېر ئارقىلىق بىزنى ئېزىقتۇرىدۇ. ئۇ يەنە زەھەرلىك چېكىملىك ياكى هاراق بىلەن سىزنى سىنايدۇ. ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ سىزنى هالاك قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

شەيتان يەنە باشقا ئۇسۇللار بىلەن سىزگە هۇجۇم قىلىدۇ. سىز گۇناھ ئۆتكۈزگەندە، ئۇ سىزنى خۇدا سىزدىن رەنجىپ، سىزنى كەچۈرمەيدۇ دېگەن كۆز قاراشقا ئەكىلىدۇ. شەيتان قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىڭىزدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ ۋە قورقۇتىدۇ. شەيتان بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر.



(شەيتان دائىم بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ)

بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، شەيتاننى يېڭەلەمدۇق؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلالمايمىز! ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىزدىن خېلىلا ئۈستۈن، لېكىن بۇ يەردە بىر خۇش خەۋەر بار. مەسىھ ئاللىقاچان بىز ئۈچۈن شەيتاننى مەغلۇپ قىلغان!

مەسىھ كرېست ئۈستىدە ئۆلگەن چاغدا، شەيتان چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتىم دەپ ئويلىدى. لېكىن، مەسىھ قەبرە ئىچىدە مەڭگۈ يېتىپ قالمىدى. ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدى! رەببىمىز ئەيسا مەسىھ شەيتاندىن ۋە بارلىق قاراڭغۇلۇقنىڭ ئاسارىتىدىن غەلىبە قىلدى.

مەسىھ بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىز ئىكەن هەم بىزمۇ ئۇنىڭغا تەۋە ئىكەنمىز، ئۇنىڭ شەيتاننى يېڭىش ئىشىدا بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقمىز. مەسىھنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ غەلىبىمىز. رەببىمىز ئەيسا بىزنى شەيتاننىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن ئازات قىلدى.



(ئەيسا مەسىھ شەيتان ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى!)

شەيتان مەغلۇپ قىلىنغان دۈشمەندۇر. گەرچە ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتىنچە باشقۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ رەب ئەيسا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بېكىتىلىپ بولغان، خۇدا ئۇنى ئوتقا تاشلاپ، مەڭگۈ جازالاش ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۇنىڭ كۈنىنى بەلگىلەپ بولغان.

«ئەزىز باللىرىم، سىلەر بولساڭلار خۇداغا مەنسۇپ، سىلەر يالغان پەيغەمبەرلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىڭلار، چۈنكى سىلەردىكى مۇقەددەس روھ بۇ دۇنيادىكى شەيتاندىن ئۇلۇغدۇر». («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 4-باب 4-ئايەت)




(قەلبىمىزدىكى مۇقەددەس روھ بۇ دۇنيادىكى شەيتاندىن ئۇلۇغدۇر)

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ مەنىسى ئىچىمىزدە تۇرىۋاتقان مەسىھ دۇنيادىكى شەيتاندىن تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئۇلۇغ. مەسىھ بارلىق سىناقلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى بۇسۇپ ئۆتەلەيدۇ. ئۇ سىزنى چىرمىۋالغان ھەرقانداق گۇناھتىن قۇتۇلدۇرۇپ، سىزنى ئازات قىلالايدۇ دېگەنلىك.

ئەگەر بىز شەيتاننىڭ سىنىقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم بىر ئىشنى قىلىشىمىز كېرەك، يەنى ھەزرىتى ئەيساغا تەلپۈنىشىمىز كېرەك. بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشىگە تەشنا. بىز ئۇنىڭ بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز ھەمدە ئۇنىڭ بىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۆتكەن زامانلاردا ياشىغان ئېتىقادى بار شۇنچە كۆپ مەدەتكارلىرىمىز بولغانىكەن، بىزمۇ ھەر خىل توسالغۇلاردىن ۋە بىزنى ئاسانلا چىرمىۋالىدىغان گۇناھلاردىن خالاس بولۇپ، ئالدىمىزدا تۇرغان مۇساپىنى قەيسەرلىك بىلەن بېسىپ ئۆتەيلى. كۆزىمىزنى ئېتىقادىمىزنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئېتىقادىمىزنى كامالەتكە يەتكۈزگۈچى ھەزرىتى ئەيساغا تىكەيلى. ئۇ ئۆزىنى كۈتكەن خۇشاللىق ئۈچۈن، كرېستتا ئۆلۈشنىڭ نومۇسىغا پىسەنت قىلماي، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بەردى ۋە خۇدانىڭ تەختىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇردى». («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 12_باب 1_، 2_ ئايەت)

بىر قىزچاق بۇ مەخپىيەتلىكنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«شەيتان قەلبىمنىڭ ئىشىكى سىرتىدا تۇرۇپ، ئىشىكنى قېقىپ، مېنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلغاندا، مەن: ‹رەببىم ئەيسا ئىشىكنى سىز ئاچسىڭىز قانداق؟› دەيمەن. شەيتان رەب ئەيسانى كۆرگەن ۋاقىتتا رەب ئەيساغا تازىم قىلىپ: ‹كەچۈرۈڭ، مەن خاتا كېلىپ قاپتىمەن› دەيدۇ_دە، كېتىپ قالىدۇ».

بۇ قىزچاق قانداق ئەپچىل ئۇسۇلنى قوللانغان؟ ئۇنىڭ قوللانغىنى ئۇ مەسىھنىڭ قەلبىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى جەزىملەشتۈرگەن ھەم مەسىھنىڭ ئۇنى شەيتاننىڭ سىناقلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. مانا بۇ بىزنىڭمۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز.

شەيتان بىزنى سىنيالايدۇ، بىراق بىزنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىيالمايدۇ. بىز شەيتانغا: «ياق» دېيەلەيمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر خۇداغا ئىتائەتمەن بولۇڭلار. شەيتانغا قارشى تۇرۇڭلار. شۇ چاغدىلا شەيتان سىلەردىن قاچىدۇ». («ياقۇپ يازغان خەت» 4-باب 7-ئايەت)

## ئېتىقادچىلار گۇناھ ئۆتكۈزسە قانداق بولىدۇ؟

خۇدا ئاللىقاچان بىزنىڭ ئېتىقادچىلىق ھاياتىمىزدا بارلىق دۈشمەنلىرىمىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەپسۇسكى بىزدە كىشىلىك تەبىئەت بولغاچقا ھەم بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، بىز بەزىدە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالىمىز.

ئېتىقادچىلار گۇناھ ئۆتكۈزسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنى يوقىتىپ قويامدۇ-يوق؟ ياق، ئۇنداق بولمايدۇ. بىر ئادەم يېڭىباشتىن تۇغۇلۇپ خۇدانىڭ ئائىلىسىگە كىرگەندە، خۇدا بىلەن يېڭى بىر مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئۇ خۇدانىڭ پەرزەنتى بولىدۇ. خۇدا بولسا، ئۇنىڭ ئاتىسى بولىدۇ. ئېتىقادچى بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، لېكىن ئۇ گۇناھ قىلغاندا خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىسىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن.

خۇدا ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى سۆيىدۇ ھەمدە ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۆزىنى سۆيۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم بىزنىڭمۇ ئۇنىڭ بىزنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ دۇئا ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز ۋە ئېغىر يۈكلىرىمىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئورتاقلىشىمىزنى خالايدۇ. بىز خۇداغا بويسۇنغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بولغان شېرىن ئالاقىدىن ھوزۇرلىنالايمىز.




لېكىن خۇدا بىلەن بولغان شېرىن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. قانداق نەرسە ئۇنى ئۈزىۋېتىدۇ؟ ئۇ بولسىمۇ گۇناھ! بىز گۇناھ ئۆتكۈزگەندە، بىز بىلەن

ئاتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.




خۇدا گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ۋە ئۆزى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى تەييارلاپ بەرگەنمۇ-يوق؟ شۇنداق، ئۇ تەييارلاپ بەردى. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «لېكىن گۇناھلىرىمىزنى تونۇساق، ئىشەنچلىك ۋە ئادىل خۇدا گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىزنى بارلىق يامانلىقلاردىن پاك قىلىدۇ». («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 1-باب 9-ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئايەتتە نېمە دېيىلگەن؟ ئۇنىڭدا ئەگەر بىز خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھلىرىمىزنى تونۇساق، ئۇنىڭ بىزنى كەچۈرىدىغانلىقى ۋە بىزنى پاكلايدىغانلىقى يېزىلغان. گۇناھنى بويىنغا ئېلىش بولسا، گۇناھنى توغرا نامى بىلەن تونۇپ، ئۇنىڭدىن باش تارتىشتۇر. ئەگەر بىز بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ قويغان بولساق، بىز خۇدانىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىگەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئاچچىقلىنىپ مىجەزىمىز ئۆزگەرسە، بىزمۇ بۇنى خۇدانىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

گۇناھنى ئېتىراپ قىلىش پەقەت قىلغان-ئەتكەنلىرىمىزنى خۇداغا ئېيتىپ بېرىشلا ئەمەس. ئۇ يەنە گۇناھقا چىن قەلبىمىزدىن ئازابلىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىشىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ، بىز بۇنداق گۇناھنى مەڭگۈ قايتا قىلمايمىز دېگەنلىك ئەمەس، لېكىن بىزنىڭ بۇ گۇناھنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىمىزنى ھەم داۋاملىق گۇناھ ئۆتكۈزۈشنى توختىتىشنى خالايدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «ئۆز گۇناھىنى ياپقان سائادەتتىن مەھرۇم بولىدۇ؛ خاتالىقىنى تونۇپ تۈۋا قىلغان خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن بەھرىمان بولىدۇ». («پەندى-نەسىھەتلەر» 28-باب 13-ئايەت)

يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز. بىز ئەگەر باشقىلار بىلەن كېلىشەلمىسەك، بىز بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چوقۇم تەلتۆكۈس ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر سىزنىڭ گۇناھىڭىز باشقىلارغا چېتىلسا، ئەگەر سىز باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلسىڭىز ياكى ئۇنى زىيانغا ئۇچراتسىڭىز، ئۇنداقتا سىز چوقۇم ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىڭىز ھەم بارلىق ئىشلارنى ھەل قىلىشىڭىز كېرەك.

بىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز سەممىيلىك بىلەن خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىپ، شۇ گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر باشقىلارنى رەنجىتىپ قويغان بولساق، ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپ ھەم بارلىق ئىشلارنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. ئاندىن بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ بىزنى ئاللىقاچان كەچۈرۈپ، بىزنى پاك قىلىپ، بىزنى گۇناھتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلساق بىز خۇدا بىلەن بولغان شېرىن ئالاقىدىن قايتا ھوزۇرلىنالايمىز.

## غەلىبىگە ئېرىشىشتىكى بىر نەچچە ئەمەلىي تەكلىپ

تۆۋەندىكى بىر قانچە تەكلىپلەر سىزنىڭ سىناقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

1. سىزنى گۇناھقا باشلايدىغان دوستلىرىڭىز ھەم ھەمراھلىرىڭىزدىن ئايرىلىڭ. «ياق» دېيىشنى ئۆگىنىڭ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەي ئوغۇلۇم، ئەگەر سېنى يامانلار ئازدۇرسا، ئۇلارغا ئەگەشمىگىن». («پەندى-نەسىھەتلەر» 1-باب 10-ئايەت)

2. كۆرگەن نەرسىلىرىڭىزدىن پەخەس بولۇڭ. سىز بەزى گۇناھلىق ئىشلانى كۆرۈشتىن ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قېچىشقا ئامالسىز قالسىز، لېكىن غەيرى كۆز بىلەن قارىسىڭىز سىزنى گۇناھقا باشلايدۇ.

3. ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى قوغداڭ. پاك ئوي-پىكىر بىباھا گۆھەر. ئەگەر سىز چاكىنا ژورناللارنى ياكى چاكىنا كىنولارنى كۆرسىڭىز، سىزدە پاك ئىدىيە بولمايدۇ.

4. چاكىنا ئوي-پىكىرلەرنىڭ كاللىڭىزدا توختىۋېلىشىغا يول قويماڭ. سىز بەلكىم شەيتاننىڭ چاكىنا، مەينەت خىياللارنى كاللىڭىزغا سېلىپ قويۇشنى چەكلىيەلمەيسىز. بىراق سىز ئۇنى دەرھال رەت قىلالايسىز. خۇددى بىرسى

ئېيتقاندەك: «سىز قۇشقاچىنىڭ بېشىڭىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشىنى توسالمايسىز، بىراق سىز ئۇنىڭ بېشىڭىزغا ئۇۋا سېلىشىنى توسالايسىز».

5. خۇدانىڭ سىزنى سىناقلاردىن ئازاد قىلىشىغا تەلپۈنۈڭ. «زەبۇر»نىڭ ئاپتورى مۇنداق يازىدۇ:

«مېنىڭ كۆزلىرىم دائىم خۇداغا تەلپۈنىدۇ، چۈنكى ئۇ مېنىڭ پۇتلىرىمنى تۇساقتىن تارتىپ چىقىرىدۇ». («زەبۇر» 25-باب 15-ئايەت)

6. خۇدانىڭ سۆزلىرى ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى ئىگىلىسۇن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«مەن سېنى رەنجىتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۆزلىرىڭنى قەلبىمدە ساقلايمەن». («زەبۇر» 119-باب 11-ئايەت)

7. ئاجىزلىقىڭىزنى بىلىۋېلىڭ. ئاجىزلىقىڭىزغا نىسبەتەن ھوشيارلىقىڭىزنى كۈچەيتىڭ.

8. دەرھال گۇناھىڭىزنى تونۇڭ. مەغلۇبىيەت ئىچىدە تۇرۇپ قالماڭ.

9. رەببىمىز ئەيسا بېرىشىڭىزنى خالىمايدىغان يەرلەرگە بارماڭ.

10. رەببىمىز ئەيسا قىلىشىڭىزنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلماڭ.

## گۇناھ ئىنسانلارنى قۇل قىلىدۇ

گۇناھ بىزلەرنى قۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. كىشى ئەگەر مەلۇم خىلدىكى گۇناھنى ئۆتكۈزسە، ئۇ بارا-بارا ئاشۇ گۇناھنى ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ قالىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆزۈرۈشى بىلەن بۇ گۇناھ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، بۇ ئادەمنىڭ ئۇ گۇناھنى رەت قىلىش كۈچى قالمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئەڭ ياخشىسى گۇناھ باشلىنىشى بىلەنلا سىناقنى رەت قىلىش كېرەك. بىرىنچى رۇمكا ھاراقنى ئىچىشنى رەت قىلغان ئادەم ھاراقكەش بولمايدۇ. زەھەرلىك چېكىملىكنى رەت قىلغان ئادەم زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى بولمايدۇ.

بەلكىم سىز گۇناھنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىدىغان كۈچ-قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز بەلكىم مەلۇم گۇناھقا ئادەتلەنگەن ياكى توغرا بولمىغان مۇناسىۋەت ئىسكەنجىسىگە كىرىپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ خاتالىقلاردىن قۇتۇلۇشنى سىناپ باقتىڭىز، ئەپسۇسكى مەغلۇپ بولدىڭىز،

شۇنداقمۇ؟ لېكىن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ. ئەيسا مەسىھ سىزنى ئازاد قىلالايدۇ. سىزگە ئەركىنلىك ئاتا قىلالايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «بىلىپ قويۇڭلاركى، گۇناھ سادىر قىلغان كىشى گۇناھنىڭ قۇلىدۇر، ... شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئوغلى سىلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرسە، ھەقىقەتەن ئەركىن بولىسىلەر». («يۇھاننا» 8-باب 34-، 36- ئايەت)

## شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەڭ

ھەربىر سىناقنىڭ ھەممىسىدە ئادەم ئالدايدىغان ئامىل بولىدۇ. بۇمۇ شەيتاننىڭ ھەممە جايدا ئادەملەرنى ھالاك قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ئۇ ئادەملەرنى ئالداپ يامان ئىشنى ياخشى ئىش قىلىپ كۆرسىتىدۇ. سىناقتا ئۇچراش گۇناھ ئەمەس. «مۇقەددەس كىتاب»تا ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇددى بىزگە ئوخشاش، ھەرقايسى تەرەپلەردە سىناقتا ئۇچرىغانلىقى، لېكىن ئۇنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزمىگەنلىكى يېزىلغان. («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 4-باب 15-ئايەتكە قاراڭ)

بىز سىناقتا يېڭىلگەن چېغىمىزدا، گۇناھ بىزنىڭ قەلبىمىزگە كىرىۋالىدۇ. گۇناھ ھەر قېتىم قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «بۇنداق ئادەمنىڭ نەپسى گۇناھنى پەيدا قىلىدۇ. گۇناھ ئۆسۈپ يېتىلسە، ئادەملەرنى ئۆلۈمگە، يەنى خۇدادىن مەڭگۈ ئايرىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ». («ياقۇپ يازغان خەت» 1-باب 15-ئايەت)




شەيتاننىڭ سىزنى ئالداپ كېتىشىگە يول قويماڭ. «مۇقەددەس كىتاب»تا ھەر خىل گۈزەل مۇكاپات ۋە ھەر خىل تەلتۆكۈس ئىلتىپاتلارنىڭ ھەممىسى خۇدادىن

كېلىدۇ دېيىلگەن. شەيتاندىن كەلگىنى سىرتقى كۆرۈنۈشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يامان نەرسىلەردۇر. خۇدانىڭ سۆزىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، ئازدۇرۇش خۇدادىن كەلگەن دەيدىغان خاتا چۈشەنچىلەرگە ئالدانماڭلار! ھەرقانداق ياخشى ۋە ئېسىل سوۋغات ئاسماندىكى پۈتكۈل يورۇقلۇقلارنى يەنى قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ياراتقان خۇدائاتىمىزدىن كېلىدۇ. بۇ يورۇقلۇقلار داۋاملىق ھەرىكەتلىنىپ، ئوخشىمىغان كۆلەڭگىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمما خۇدا بولسا ئۇلارغا قىلچە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ». (ياقۇپ يازغان خەت» 1-باب 16-، 17- ئايەت)

سىز بەلكىم ئۆز-ئۆزىڭىزگە: «مەن خۇدانى خۇشال قىلىدىغان ھايات كەچۈرۈشنى خالايمەن. لېكىن مەن مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشىم ياكى قىلماسلىقىم كېرەكلىكىنى قانداق بىلىمەن؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

بۇنىڭ ئۈچۈن بىز خۇدانىڭ «مۇقەددەس كىتاب»تىدا نېمە دېيىلگەنلىكىگە قارىشىمىز كېرەك. مەلۇم نەرسىلەرگە نىسبەتەن خۇدانىڭ جاۋابى «ياق» بولىدۇ. بىز بۇ ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. بەزى ئىشلار خۇدانىڭ جاۋابىدا مۇقەررەرلەشتۈرۈلگەن. خۇدا بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ قىلىشىمىزغا ئىرادە قىلغان. «مۇقەددەس كىتاب»تا ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلارغا نىسبەتەن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سىز ئۆز-ئۆزىڭىزدىن: « ھەزرىتى ئەيسا مېنىڭ مۇنداق قىلغىنىمنى ياخشى كۆرەمدۇ-يوق؟» دەپ سوراڭ. ئەگەر سىز بۇ ئىشتىن ھەزرىتى ئەيسا خۇشال بولمايدۇ- دەپ ئويلىسىڭىز، بۇ ئىشنى قىلماڭ.

خۇدا ئاللىقاچان بىزگە غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگەن. بىز گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر غەلىبە قىلىمىز دەيدىكەنمىز بىز چوقۇم بىرىنچىدىن دۇنياغا، كىشىلىك تەبىئىيتىمىزگە ۋە شەيتانغا «ياق» دېيىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن قەلبىمىزدە تۇرۇۋاتقان مەسىھنىڭ بىزگە غەلىبە قىلىشنى ئاتا قىلىشىغا تەلپۈنىشىمىز كېرەك. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «خۇداغا شۈكۈر! چۈنكى، ئۇ، رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بىزنى ئۆلۈم ۋە گۇناھ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈردى». («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1- خەت» 15-باب 57-ئايەت)

# بايقالغان ھەقىقەت

مەسىھ ئاللىقاچان شەيتان ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، مەسىھ مېنىڭ قەلبىمدە ياشىغاچقا، مەن غالىبانە ھايات كەچۈرەلەيمەن.

پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:
غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ يولى،
«يۇھاننا» 10ـباب
«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 6ـ، 7ـ، 8ـ باب
«گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 5ـباب قاتارلىقلارنى ئوقۇڭ.

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە «بۇ دۇنيا»نى سۆيمەڭلار دېگەندە، بۇنىڭ مەنىسى... ( )
(1) شەيتاننىڭ بىزنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرۇشتا ئازدۇرىدىغان نەرسىلىرنى سۆيمەڭلار دېگەنلىك بولىدۇ.
(2) بۇ دۇنيا كىشىلىرنى سۆيمەڭلار دېگەنلىك بولىدۇ.
(3) بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنى سۆيمەڭلار دېگەنلىك بولىدۇ.

2. بىز تۆۋەندىكى قايسى نۇقتا ئارقىلىق بۇ دۇنيا ئۇستىدىن غەلىبە قىلىمىز؟ ( )
(1) تېلېۋىزور نومۇرلىرى ۋە كىنولارغا بىر قەدەر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىش.
(2) تېخى قۇتقۇزۇلمىغان ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ساقلىنىش.
(3) رەببىمىز ئەيسانى پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن سۆيۈش.

3. بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىزنىڭ مەنبەسى... ( )
(1) ئۆزىمىز، يەنى بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى گۇناھكار تەبىئىتىمىز.
(2) باشقىلار ۋە ئۇلارنىڭ بىزگە تۇتقان پوزىتسىيەسى.
(3) بىزنىڭ شارائىتىمىز.

4. خۇدا قانداق ئۇسۇل بىلەن «شەخسىيەتچىلىك»نى بىر تەرەپ قىلدى. ( )
(1) بىزگە ئۇن پەرمانىنى ئاتا قىلىش بىلەن.
(2) بىزگە شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىقنى ئېيتىش بىلەن.
(3) بىزنى مەسىھ بىلەن بىللە مىخلاپ، بىزنى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن.

5. ئېتىقادچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن... ( )
(1) ئۆزۈمنى ئىنكار قىلماي، خۇداغا بويسۇنالايمەن.
(2) مەن ھەركۈنى ئۆزۈمنى ئىنكار قىلىپ، مەسىھنى ھاياتىمنىڭ باشقۇرغۇچىسى قىلىشىم كېرەك.
(3) مەن يەنىلا ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئۇسۇل بويىچە ياشىشىم كېرەك.

6. «ئالۋاستى» شەيتان دەپمۇ ئاتىلىدۇ... ( )
(1) ئەمىلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان.
(2) ھەقىقىي مەۋجۇت، ئېتىقادچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى.
(3) ھېچقانداق ئورنى يوق، پەقەتلا كىشىلەرنى يامانلىق قىلدۇرىدىغان بىر خىل

تەسىر كۆچ.

7. شەيتان ئادەمنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان كۆچلۈك دۈشمەن، لېكىن...( )
(1) بىز ئۆزىمىزگە تايىنىپ ئۇنى يېڭەلەيمىز.
(2) بىز ئۇنىڭدىن قورقمايمىز، چۈنكى مەسىھ بىزنىڭ ئىچىمىزدە.
(3) ئۇ بىزگە چېقىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىجىرىدىغان تېخىمۇ مۇھىم ئىشى بار.

8. ئېتىقادچىلار گۇناھ ئۆتكۈزگەندە...( )
(1) قۇتقۇزۇلۇشتىن مەھرۇم قالىدۇ.
(2) بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي قۇتقۇزۇلمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
(3) خۇدا بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلىدۇ.

9. گۇناھنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ مەنىسى...( )
(1) پەقەتلا خۇداغا قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىش.
(2) خۇدادىن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرۈشنى تىلەش.
(3) گۇناھنى توغرا نامى ئاتاپ، ھەمدە قەلبىمىزدىن ئازابلىنىپ، گۇناھنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈشنى توختىتىش.

10. دۈشمەنلىرىمىز بولغان ــ بۇ دۇنيا، كىشىلىك تەبىئەت ۋە شەيتاننى يېڭىش بولسا... ( )
(1) ھاياتىمىزدا مۇمكىن ئەمەس.
(2) بىز ئۆزىمىزنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشساقلا مۇمكىن.
(3) ئۇنىڭغا «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپ ھەمدە ئىچىمىزدە تۇرۇۋاتقان مەسىھنىڭ بىزگە غەلبە قىلىشنى ئاتا قىلىشىغا تەلپۈنسەك يېڭەلەيمىز.

رەب ئەيسا قەلبىڭىزدىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا ئۆزىڭىزنىڭ قانداق قىلىپ رەب ئەيسانى تونۇغانلىقىڭىزنى يېزىڭ. ئەگەر سىز تېخى قۇتقۇزۇلمىغان بولسىڭىز بىزگە سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭ: ____________

______________________________________________

______________________________________________

# ئون بىرىنچى دەرس

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ قايتا كېلىشى



«مانا، پات ئارىدا كېلىمەن! بېرىدىغان ئىنئاملار يېنىمدا، ئۇنى ھەركىمگە ئەمەلىيىتىگە يارىشا بېرىمەن». («ۋەھىي» 22-باب 12-ئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

«مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ئالاھىدە بىر تەرىپى ئۇنىڭ بىزگە كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىدە. خۇدا كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى بىلىدۇ. ئۇ سۆزلىرىدە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىزگە ئېيتىپ بەردى.

بەلكىم سىز بىر ئىشتىن گۇمانلىنىشىڭىز مۇمكىن. يەنى سىز «رەب ئەيسا بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلەمدۇ-يوق؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ سوئالىڭىزغا: «ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىمىز.

«مۇقەددەس كىتاب»تا رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ دۇنياغا ئىككى قېتىم كېلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مەسىھنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشى بىر مىڭ توققۇز يۈز يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن. مەسىھنىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشى كەلگۈسىدە بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «قۇتقۇزغۇچى مەسىھمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن بىرلا قېتىم قۇربان بولدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم گۇناھقا ئامال قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى كۈتۈۋاتقانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېلىدۇ». («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 9-باب 28-ئايەت)

رەببىمىز ئەيسا بىرىنچى قېتىم كەلگەندە، گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن تۆۋەن

سالاھىيەت بىلەن كەلدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە، زور قۇدرەت ۋە شان-شەرەپ بىلەن كېلىپ، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ، يەر يۈزىدە پادىشاھلىقىنى قۇرىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

> «ئىنسانئوغلى ئۆز شان-شەرىپى ئىچىدە پۈتۈن پەرىشتىلىرى بىلەن بىللە كەلگىنىدە، شان-شەرەپ تەختىدە ئولتۇرىدۇ». («ماتتا» 25-باب 31- ئايەت)


(رەببىمىز ئەيسا قايتا كېلىدۇ)

# ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ قايتا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان

رەببىمىز ئەيسا كرېستقا مىخلىنىشتىن بۇرۇن شاگىرتلىرىغا ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ئۇلاردىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن ئۇ كەلگۈسىدە قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ياشاشقا ئېلىپ كېتىشكە ماقۇل بولغان. رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «كۆڭلۈڭلارنى بىئارام قىلماڭلار! خۇداغا ئېتىقاد قىلىڭلار، ماڭىمۇ ئېتىقاد قىلىڭلار. ئاتام خۇدانىڭ دەرگاھىدا نۇرغۇن ئۆي -ماكانلار بار. ئۇنداق بولمىسا، سىلەرگە ئېيتىپ يۈرمىگەن بولاتتىم. مەن ھەربىرىڭلارغا ئورۇن تەييارلاش ئۈچۈن شۇ يەرگە كېتىپ بارىمەن». («يۇھاننا» 14-باب، 2-، 3- ئايەت)

بىز رەببىمىز ئەيسانىڭ قايتا كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. چۈنكى ئۇ بىزگە

شۇنداق ۋەدە بەرگەن. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: «مەن چوقۇم قايتا كېلىمەن».

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ كەلگۈسىدە قايتا كېلىشى قانداق بولىدۇ؟

رەببىمىز ئەيسا ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، قىرىق كۈن ئەتراپىدا كىشىلەرگە كۆرۈندى. بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئاندىن بىر كۈنى ئۇ شاگىرتلىرىغا جەننەتكە قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان شۇ پەيتتە بىر پارچە بۇلۇت كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنى كۆرەلمىدى.



(ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلىشى)

ئۇلار تېخى ئاسمانغا قاراپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئاپئاق كىيىم كىيگەن ئىككى پەرىشتە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

> «ئەي جەلىلىيىلىكلەر، نېمىشقا بۇ يەردە ئاسمانغا قاراپ تۇرىسىلەر؟! ھەزرىتى ئەيسا ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. بىراق ئۇ قانداق كۆتۈرۈلگەن بولسا، كەلگۈسىدە يەنە شۇنداق قايتىپ كېلىدۇ، ــ دېدى». («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 1ـباب 11ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە رەببىمىز ئەيسا ئاسمانغا قانداق ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن بولسا، كەلگۈسىمۇ ئوخشاش شەكىل بىلەن قايتا كېلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇنىڭ مەنىسى رەب ئەيسا كەلگۈسىدە بۇ دۇنياغا قايتا كېلىدۇ دېگەنلىكتۇر. ھەزرىتى ئەيسا قايتا كەلگەندە، تېخى ھايات ئېتىقادچىلار خۇددى ئەينى ۋاقىتتىكى ئېتىقادچىلار ئەيسانىڭ جەننەتكە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن

كۆرگەندەك، ئۇلارمۇ ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

## ھەزرىتى ئەيسا قايتا كەلگەندە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ مۇنداق كۆز قارىشى بار. يەنى ئۇلار بۇ دۇنيا كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ئاخىرلىشىدۇ. ھەربىر ئادەم خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، سوراق قىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن ئەمىلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. رەب ئەيسا بىرىنچى قېتىم كەلگەندە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇ قايتا كەلگەندە، يەنە نۇرغۇنلىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ.


(ھەزرىتى ئەيسا قايتىپ كېلىدۇ)

مەسىھ كەلگەندە، ئۈچ چوڭ مۆجىزە يۈز بېرىدۇ.

## 1. بارلىق ئۆلۈپ كەتكەن ئېتىقادچىلار ھەش-پەش دېگۈچە تىرىلىدۇ.

رەب ئەيسا قايتا كەلگەندە، بىرىنچى بولۇپ يۈز بېرىدىغان ئىش مەسىھ قايتا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئېتىقادچىلار قايتا تىرىلىدۇ. دەسلەپكى ئېتىقادچىلار ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئېتىقادچىلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەبنىڭ قايتا كېلىپ، ئېتىقادچىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشقا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئېتىقادچىلار قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدىمۇ قانداق؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. رەب ئەيسا قايتا كەلگەندە ئالدى بىلەن يۈز بېرىدىغان ئىش ئۆلۈپ كەتكەن ئېتىقادچىلارنىڭ تىرىلىشى بولىدۇ. ئەلچى پاۋلۇس مۇنداق يازىدۇ:

«بىر پەرمان ئارقىلىق، باش پەرىشتىنىڭ ئاۋازى ۋە خۇدانىڭ سۇنىيىنىڭ ساداسى بىلەن نەرسى رەببىمىز ئۆزى ئاسماندىن چۈشىدۇ. ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولۇپ ھاياتلىقتىن كۆز يۇمغانلار ئاۋۋال تىرىلىدۇ. كېيىن، ھايات ياشاۋاتقان بىزلەر، يەنى بۇ دۇنيادا ھايات كەچۈرۈۋاتقانلار ئۆلگەنلەر بىلەن بىللىكتە رەببىمىز بىلەن ھاۋادا كۆرۈشۈش ئۈچۈن بۇلۇتلار ئارىسىغا كۆتۈرۈلىمىز. شۇنىڭدىن كېيىن، رەببىمىز بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىمىز». («سالونىكىلىقلارغا يېزىلغان 1-خەت» 4-باب 16-، 17-ئايەت)

## 2. ھايات ياشاۋاتقان ئېتىقادچىلار دەرھال ئۆزگىرىدۇ.

«مۇقەددەس كىتاب»تا :«...گۆش ۋە قاندىن تۆرەلگەن جىسمانىي تېنىمىز بىلەن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلمەيمىز. بىزنىڭ چىرىدىغان تېنىمىز مەڭگۈلۈكتە ياشالمايدۇ». («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1-خەت» 15-باب 50-ئايەت) دېيىلگەن. بىز چوقۇم باشقا بىر قىياپەتتىكى بەدەن بىلەن جەننەتكە بېرىشىمىز كېرەك. خۇدا بىزگە يېڭى بەدەن ئاتا قىلىدۇ. ئەلچى پاۋلۇس مۇنداق يازىدۇ:

«ئەمدى خۇدا ماڭا ئاشكارىلىغان ھەقىقەتنى سىلەرگە ئېيتاي. بۇ دۇنيادا ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان ھەممىمىزلا ئۆلۈپ كەتمەيمىز. لېكىن، ئەڭ ئاخىرقى كاناي چېلىنغاندا ھەممىمىز بىردىنلا، يەنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزگىرىمىز. بۇ بۇنداق بولىدۇ، كاناي چېلىنىشى بىلەنلا، ئۆلگەنلەر چىرىمەس بولۇپ ئۆلمەيدىغان تەنلەرگە ئايلىنىدۇ. شۇ چاغدا ۋە ھايات بولساق، بىزلەرمۇ شۇنداق ئۆزگىرىمىز».(«كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1-خەت» 15-باب 51-، 52-ئايەت)

بۇ ئايەتتىن شۇنى ئۆگىنەلەيمىزكى كەلگۈسىدىكى بىر ئەۋلات ئېتىقادچىلار ئۆلۈمنى كۆرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلار دەرھال ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇ ئاجايىپ بىر ھەقىقەت. خۇدانىڭ سۆزلىرى بىزگە بۇنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىدۇ. مەسىھ قايتا كەلگەندە، ھايات ياشاۋاتقان ئېتىقادچىلار ئۆلۈمنى كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىنى دەرھال ئۆزگەرتىلىپ، مەسىھنىڭكىگە ئوخشاش شان-شەرەپلىك، نۇر چېچىپ

تۇرىدىغان بەدەنگە ئايلىنىدۇ.

## 3. مەڭگۈ رەب بىلەن بىللە بولىمىز

مەسىھ قايتا كەلگەندە، بارلىق ئېتىقادچىلار ئۆزىمىز ئويلىغاندىنمۇ گۈزەل بىر جايغا ئېلىپ كېلىنىمىز. مەڭگۈ رەب ئەيسا بىلەن بىللە بولىمىز.

بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يۈز بېرىدۇ. ھەتتا بۇ دۇنيا ئادەملىرىمۇ نېمە ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ. ئىككى ئادەم خىزمەت قىلىۋاتقان بولسا، بىرى ئېلىپ كېتىلىپ، رەب ئەيسا بىلەن بىللە بولىدۇ، يەنە بىرى بولسا قالدۇرۇلۇپ قويىلىدۇ. قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن بىر ئايال تېخى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشمىگەن ئېرى بىلەن بىر ئۆيدىكى ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئايال رەبنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى بولسا قالدۇرۇلۇپ قويىلىدۇ. ئاتا-ئانىلار جىددىيلىشىپ يوقاپ كەتكەن بالىلىرىنى ئىزدەيدۇ. ياشلار تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن ئاكا-ئىنىلىرى ئاچا-سىڭىللىرىنى ياكى دوستلىرىنى ئىزدەيدۇ.



(ئېتىقادچىلار كۆتۈرۈلۈپ مەسىھ بىلەن ئۇچرىشىدۇ)

ئەگەر سىز بۇ ئىشلار مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارىسىڭىز بۈگۈنكى كۈنلۈكتە يۈز بېرىدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى ئويلاپ كۆرۈڭ. ئادەملەرنى ئاي شارىغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى دەرھال رەڭلىك خەرىتىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭ.

كۈچ-قۇدرىتى چەكلىك بولغان ئادەم بۇ ئىشلارنى قىلالىغان يەردە، ئەلۋەتتە خۇدا ئۆزى دېگەن سۆزلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

---

## دىققەت!

## سىزدە ئىككىنچى قېتىملىق پۇرسەت بولمايدۇ!

---

# ئېتىقادچىلار سوراق قىلىنىدۇ

رەببىمىز ئەيسا تەرىپىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن ئېتىقادچىلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەننەتكە بارىدۇ. ھەربىر ئېتىقادچى ئۇ يەردە سوراق قىلىنىدۇ. بۇ سوراق ئېتىقادچىلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىكىنى بەلگىلىمەيدۇ. ھەربىر ئېتىقادچىدا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بولىدۇ، ھەممە ئۇنىڭدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولمايدۇ. ھەربىر ئېتىقادچى جەننەتكە بارىدۇ، لېكىن ھەربىر ئېتىقادچى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىنكى ھاياتىغا ئاساسەن رەب تەرىپىدىن سوراق قىلىنىدۇ. بۇ سوراق «مەسىھنىڭ سوراق تەختى» دەپ ئاتىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

> «چۈنكى بىز ھەممىمىز ياخشى ياكى يامان بولسۇن ئەمەلىيىتىمىزگە يارىشا، ئەجرىمىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن، قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ سوراق تەختى ئالدىدا بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ». («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 2-خەت» 5-باب 10-ئايەت)

بىزنىڭ بىر-بىرلەپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھاياتىمىزنى تاپشۇرغان ئاشۇ ۋاقتىمىز نەقەدەر داغ-دۇغىلىق ۋاقىتلار - ھە! ھەربىر ئىش ئاشكارىلىنىدۇ. ھېچكىم بىلمەيدۇ دېگەن ئىشلىرىمىزمۇ ئاشكارا بولىدۇ. رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «چۈنكى چاۋسى چىتقا يېپىلمايدىغان ھېچقانداق يوشۇرۇن نەرسە، ئاشكارىلانمايدىغان ھېچقانداق مەخپىيەتلىك يوقتۇر». («لۇقا» 12-باب 2-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيساغا بويسۇنمىغان ئېتىقادچىلار ئۇ كۈنى ناھايىتىمۇ خىجىل بولىدۇ. بارلىق ئىقرار قىلىنمىغان گۇناھلار بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. خاتا يولغا مېڭىپ، خۇدانى خۇشال قىلمىغان ئىشەنگۈچىلەر، ئۇ كۈنى ئۆزلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن خۇداغا جاۋاب بېرىدۇ. قەلبى زەھەر بىلەن توشقان، يەنى باشقىلارنى كەچۈرۈشنى خالىمايدىغانلارمۇ خۇداغا جاۋاب بېرىدۇ.

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە شۇنى ئېيتىدىكى، مانا ھازىرنىڭ ئۆزى گۇناھنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدىغان چاغدۇر. ھازىر باشقىلار بىلەن ئىناق ئىتتىپاق ئۆتىدىغان چاغدۇر. ھازىر ئۆز-ئۆزىمىزنى سوراق قىلىدىغان چاغدۇر. ئەگەر ھازىر بىز سەممىيلىك بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى بىر تەرەپ قىلساق، گۇناھلىرىمىز كەچۈرۈلىدۇ ھەم بىز ئۇ ئىشلارغا دۇچ كەلمەيمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەگەر ئۆز ئۆزىمىزنى تەكشۈرگەن بولساق ئىدۇق، بۇنداق جازالارغا ئۇچرىمىغان بولاتتۇق». («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1-خەت» 11-باب 31-ئايەت)

رەببىمىز ئەيسا ھاياتىمىزدىكى بىز ئېتىراپ قىلمىغان گۇناھلارنىلا بىر تەرەپ قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇ بىزدىن بىز قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەمما قىلمىغان ئىشلارنى سورايدۇ. ئۇ بەلكىم بىزدىن: « مەن ساڭا بەزى قابىلىيەتلەرنى بەرگەن، سەندە نۇرغۇن قېتىم باشقىلار بىلەن مېنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىمدىن بەھرىمان بولۇش پۇرستى بولغان، سەندە ماڭا خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن كۈنلەر بولغان، سەن نېمە ئۈچۈن مەن ساڭا ئاتا قىلغان قابىلىيەت، ۋاقىت ۋە پۇرسەتلەرنى ئىشلەتمىدىڭ» دەپ سورىشى مۇمكىن.

خۇدا بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنى سوراق قىلىدۇ. بىزنىڭ سۆزلىرىمىز ۋە قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاشكارىلىنىدۇ. بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىز «ئوت»نىڭ سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«قىيامەت كۈنى ھەركىمنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ سۈپىتى ئاشكارا بولىدۇ. ئۇ كۈنى بىر ئوت پەيدا بولۇپ، بۇ ئوت ھەممە ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ سۈپىتىنى سىناقتىن ئۆتكۈزىدۇ». («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1-خەت» 3-باب 13-ئايەت)

ئۆزىمىزگە تايىنىپ ياكى ئۆزىمىز ئۈچۈن قىلغان ئىشلار ئوت-چۆپكە، ياغاچقا، پاخالغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىشلار ئوت بىلەن سىنالغاندا كۆيۈپ تۈگەيدۇ. ھېچقانداق ئەجرىمىز قالمايدۇ.خۇداغا بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن قىلغان ئىشلار «ئالتۇنغا،كۈمۈش ۋە ياقۇتقا» ئوخشايدۇ. ئوت بۇ نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتەلمەيدۇ. بىز بۇ ئەجرىمىز ئۈچۈن مۇكاپاتقا ئېرىشىمىز.

## مەسىھ قاچان قايتا كېلىدۇ؟

مەسىھنىڭ ئىككىنچى قېتىم قايتا كېلىش ۋاقتى يەنىلا خۇدانىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ھەرقانداق بىر كۈندىكى يېرىم كېچىدە، ئەتىگەندە ياكى چۈشتە كېلىشى مۇمكىن. «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئالدىن بېشارەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغانلارنىڭ بەزىلىرى مەسىھنىڭ قايتا كېلىدىغان ۋاقتىنى مۆلچەرلەپ باقتى، لېكىن ھەممىسى خاتالاشتى. ھېچكىم ھەزرىتى ئەيسانىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھەتتا ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدۇ. رەببىمىز ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ كۈن ۋە ئۇ سائەتنى نە كۆكتىكى پەرىشتىلەر، نە ئوغۇل بىلمەيدۇ؛ ئاتامدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ». («ماتتا» 24ـ باب 36ـ ئايەت)

رەب ئەيسا ھەرقانداق ۋاقىتتا كېلىشى مۇمكىن. بۇ راست ئىكەن، بىز ھەرۋاقىت ئۇنى كۈتىۋېلىشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك.

ئەگەر سىز تېخى قۇتقۇزۇلمىغان بولسىڭىز، رەب ئەيسانىڭ قايتا كېلىشى سىز ئۈچۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

ئەگەر سىز ئاللىقاچان قۇتقۇزۇلغان بولسىڭىز، رەب ئەيسانىڭ قايتا كېلىشى سىزنىڭ زور خۇشاللىق كۈنىڭىز بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزنى رەبكە تاپشۇرىدىغان كۈنىمىزدۇر. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن خىزمەت قىلغان بولساق، بىز ئۇنىڭ بىزگە:«ئەي، ئاق كۆڭۈل ھەم سەممىي خىزمەتكار، سەن ياخشى قىلدىڭ. ئەمدى خۇجايىنىڭنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمان بول» دېيىشىگە ئېرىشىمىز.

ئەگەر بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ياشىغان بولساق ھەم بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋەتلىرىگە بېرىلگەن بولساق، ئۇ كۈنى بىز ناھايىتى خىجالەت بولىمىز. بەزى ئادەملەر قايتا ياشاپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. مانا ھازىرنىڭ ئۆزى ھەزرىتى ئەيسا ئۈچۈن ياشايدىغان چاغ. مانا ھازىرنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغان چاغ.

«پەقەت بىرلا ياشاش پۇرستى بار. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. پەقەتلا مەسىھ ئۈچۈن قىلغانلىرىمىز، مەڭگۈ ساقلىنىدۇ».

## بىز قانداق تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك؟

رەب ئەيسا كەلگۈسىدە قايتا كېلىدۇ. ئالدىن بېشارەتلەرگە ئاساسەن، ئەمدى يېقىنقى ئۇلۇغ ئىش رەببىمىز ئەيسانىڭ قايتا كېلىشى بولىدۇ. «يېڭى ئەھدە»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىتابى «ۋەھىي»دە تىرىلگەن مەسىھ مۇنداق دەيدۇ:

«مانا، پات ئارىدا كېلىمەن! بېرىدىغان ئىنئاملار يېنىمدا، ھەركىمگە ئەمەلىيىتىگە يارىشا بېرىمەن». («ۋەھىي» 22ـ باب 12ـ ئايەت)

بىز رەب ئەيسانىڭ قايتا كېلىشىگە قانداق تەييارلىقتا تۇرۇشىمىز كېرەك؟ بىز بىرىنچىدىن، ئۇنى سۆيۈشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن،ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئۇنىڭ قايتا كېلىشىگە تەلپۈنۈشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز بۇ تۆت نۇقتىغا ئەمەل قىلساق، ئۇ قايتا كەلگەندە بىز خىجىل بولۇپ قالمايمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> « ئەزىز بالىلىرىم، سىلەر ئۇنىڭدا ياشاڭلار. شۇنداق بولغاندا، ئۇ كۆرۈنگەندە ئۇنىڭ ئالدىدا يۈرىكىمىز توق تۇرىدۇ ۋە ئۇ كەلگەندە خىجالەتچىلىكتە قالمايمىز».
> («يۇھاننا يازغان 1 ـ خەت» 2 ـ باب 28 ـ ئايەت)

---

# بايقالغان ھەقىقەت

## ھەزرىتى ئەيسا كەلگۈسىدە قايتا كېلىدۇ. بىز چوقۇم ئۇنىڭ قايتا كېلىشىگە تەييارلىقنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك.

---

## پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

«يۇھاننا» 14 ـ باب 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ئايەت
«ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»1 ـ باب 9 ـ،10 ـ، 11 ـ ئايەت
«سالونىكىلىقلارغا يېزىلغان 1 ـ خەت» 4 ـ باب 13 ـ ئايەتتىن 18 ـ ئايەتكىچە ئوقۇڭ.

# ئېتىقادچىلار ئۆلگەندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە ھەربىر ئادەم ياكى جەننەتتە ياكى دوزاختا مەڭگۈ ياشايدۇ دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى ئۇنىڭ ئەيسا مەسىھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. خۇدا سۆزلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

> «خۇدانىڭ ئوغلى ئەيساغا ئېتىقاد قىلغان كىشى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن بولىدۇ. لېكىن ئونىڭغا ئىتائەت قىلمىغان كىشى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلمەيدۇ. خۇدانىڭ غەزىپى مانا شۇنداقلاردىن مەڭگۈ نېرى بولمايدۇ».
> («يۇھاننا» 3-باب 36-ئايەت)

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە بەدىنىمىزنىڭ پەقەتلا روھىمىزنىڭ «ئۆيى» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بىزنىڭ بەدىنىمىز ھەقىقىي ئۆزىمىز ئەمەس، ئۇ پەقەت بىزنىڭ روھىمىز تۇرىدىغان جايدۇر. بىز بۇ نۇقتىنى چۈشىنەلەيمىز. چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغانلىقىمىزغا ئوخشايدۇ. ئۆي ھەرگىز ئۆزىمىز ئەمەس، ئۇ پەقەت بىز تۇرىدىغان جاي، خالاس.

ئېتىقادچىلار ئۆلگەندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟ ئۇ پەقەت ئۆزى تۇرغان «ئۆي»دىن ئايرىلىپ خۇدا بىلەن بىللە بولۇشقا كېتىدۇ. ئەلچى پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەزرىتى ئەيسا ئۈچۈن ياشسام، ئۆلگەندە پايدىسى بولىدۇ!»ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ؟ چۈنكى بىز ئۆلگەندىن كېيىن مەسىھ بىلەن بىللە بولىمىز. ئۇ بۇ دۇنيادا ياشىغاندىن مىڭ ئەۋزەل.

ئەگەر رەببىمىز ئەيساغا ئېتىقاد قىلغان يېقىن دوستلىرىمىز ئۆلۈپ كەتسە، بىز ئازابلىنىمىز. چۈنكى، بىز ئۇلارنى سېغىنىمىز: بۇ ناھايىتى تەبىئىي. لېكىن، بىز شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، ئۇلار مەسىھ بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادا ياشىغاندىن ئەۋزەل. ئەگەر بىز جەننەتنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرەلىگەن بولساق ئىدۇق، ئۇ چاغدا بىز مەڭگۈ بۇ دۇنيادا ياشىساقكەن دېمىگەن بولاتتۇق.




بىزنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇشىمىز ھاجەتسىز. «مۇقەددەس كىتاب» ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆلۈمىنى «مەسىھ ئىچىدە ئۇخلاش» دەپ ئاتايدۇ. رەب ئەيسا مۇنداق دېگەن:

«تىرىلىش مەندىن، ھاياتلىقمۇ مەندىن، ماڭا ئېتىقاد قىلغانلار، گەرچە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، چوقۇم تىرىلىدۇ». («يۇھاننا» 11-باب 25-ئايەت)

خۇدانىڭ ئىرادىسى ئۇغلىنىڭ نامىغا ھەقىقىي ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشتۇر. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ ئاتامنىڭ ئىرادىسى - ئوغلىنى، يەنى مېنى كۆرگەن ۋە ماڭا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشتۇر. مەنمۇ ئۇلارنى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرىمەن». («يۇھاننا» 6-باب 40-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا قايتا كەلگەندە، ئۆزىگە تەۋە بولغان بارلىق ئادەملەرنى تىرىلدۈرىدۇ. ئۇلارغا يېڭى ھايات ھەمدە مەڭگۈ چىرىمەيدىغان بەدەن ئاتا قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«چۈنكى بىزگە مەلۇمكى، بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىندىكى چېدىر، يەنى تېنىمىز بۇزۇلسا، ئەرشتە خۇدا بىزگە ھازىرلاپ قويغان بىر تۇرالغۇ، يەنى ئادەم قولى بىلەن

ياسالمىغان مەڭگۈ مەۋجۇت بىر ماكانىمىز باردۇر»
(«كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 2-خەت» 5-باب 1-ئايەت)
ئۇ چاغدا بىز قانداق بولىمىز؟ بىز ھەزرىتى ئەيساغا ئوخشايمىز.«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«قەدىرلىك قېرىنداشلار، بىز ھازىر خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىمىز، لېكىن كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىمىز تېخى بىزگە نامەلۇم. بىراق ئەيسا مەسىھ كۆرۈنگەندە، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز، چۈنكى ئۇنىڭ ھەقىقىي قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدىغان بولىمىز». («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 3-باب 2-ئايەت)

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. «مۇقەددەس كىتاب» ... ( )
(1) رەب ئەيسانىڭ دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.
(2) رەب ئەيسانىڭ دۇنياغا ئىككى قېتىم كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.
(3) رەب ئەيسانىڭ دۇنياغا نۇرغۇن قېتىم كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

2. رەب ئەيسا شەخسەن ئۆزى قايتا كېلىدۇ دېيىش بولسا، ( )
(1) پەقەت ئېتىقادچىلارنىڭ بىر خىل ئارزۇسى.
(2) «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئېنىق تەلىم يوق.
(3) «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئېنىق تەلىم.

3. مەسىھنىڭ قايتا كېلىشى .... ( )
(1) ئادەم قۇتقۇزۇلغاندا، رەبنىڭ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىشىنى كۆرسىتىدۇ.
(2) رەب ئەيسانىڭ شەخسەن بۇ دۇنياغا قايتا كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.
(3) ئېتىقادچىلار ئۆلگەندە، رەب ئەيسانىڭ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

4. مەسىھ قايتا كەلگەن چاغدا ئۇ ... ( )
(1) ئاشۇ چاغدا ھايات بولغان ئېتىقادچىلارنىلا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.
(2) بارلىق ئېتىقادچىلارنى يەنى ھايات ۋە بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.
(3) ئۇ كېلىشتىن ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتكەن ئېتىقادچىلىرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

5. خۇدا بىلەن جەننەتتە بىللە بولغان ئېتىقادچىلار... ( )
(1) ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى سوراققا ئۇچرىمايدۇ.
(2) ئۇلارنىڭ قۇتقۇزۇلغان ياكى قۇتقۇزۇلمىغانلىقىغا ئاساسەن خۇدا سوراق قىلىدۇ.
(3) ئۇلارنىڭ قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىنكى بارلىق ئىشلىرى سوراق قىلىنىدۇ.

6. مەسىھ قايتا كېلىدىغان كۈننى... ( )
(1) ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇنى ئالدىن توغرا مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.
(2) توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىز «مۇقەددەس كىتاب»نى تەپسىلى ئوقۇساقلا.
(3) پات ئارىدا كەلمەيدۇ.

7. خۇدانىڭ قايتا كېلىشىگە تەييارلىق قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بولسا، ( )
(1) ئۇنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ كېلىشىگە تەلپۈنۈش.
(2) ئۇنىڭ قايتا كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئالدىن بېشارەتلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق.
(3) ئۆزىمىزنى كۈچىمىزنىڭ بارىچە كەمتەر تۇتۇش.

8. ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆلۈمى... ( )
(1) «مەسىھ ئىچىدە ئۇخلاش» دەپ ئاتىلىدۇ.
(2) «تۈگەپ كەتتى» دەپ ئاتىلىدۇ.
(3) «ئۇ دۇنياغا كەتتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

9. رەببىمىز ئەيساغا ئېتىقاد قىلغان يېقىن بىر دوستىمىز ئۆلۈپ كەتسە، بىز ئازابلىنىمىز. چۈنكى ... ( )
(1) ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز.
(2) ئۇنى قايتا كۆرەلمەيمىز.
(3) ئۇنى سېغىنىمىز.

10. ھەزرىتى ئەيسا قايتا كەلگەندە، ئېتىقادچىلارغا ...( )...بەدەن ئاتا قىلىدۇ.
(1) ۋاقىتلىق
(2) مەڭگۈ چىرىمەيدىغان
(3) بۇرۇنقى بەدەنگە ئوخشاش

## بۇ دەرستە سىز ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت نېمە؟

# ئون ئىككىنچى دەرس

## خۇدانىڭ سىزگە بىلدۈرمەكچى بولغان تۆت ئىشى



«قەتئىي ئىشىنىمەنكى، سىلەرنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇپ، ھاياتىڭلارنى ئۆزگەرتىشتەك ئىشلارنى باشلىغان خۇدا چوقۇم ئەيسا مەسىھ قايتا كېلىدىغان كۈنگىچە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ تاماملايدۇ» («فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 1ـباب 6ـئايەت)

قەدىرلىك دوستۇم:

سىز مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى رەببىم دەپ قوبۇل قىلغان چېغىڭىزدا، سىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىڭىز كەچۈرۈم قىلىندۇ. سىز ئۆتكۈزگەن ھەربىر گۇناھ ئۈچۈن مەسىھ كرېستتا مىخلىنىپ ئۆلگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەزىز بالىلىرىم، مەن بۇ خېتىمنى سىلەرگە يېزىۋاتىمەن، چۈنكى گۇناھلىرىڭلار ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق كەچۈرۈم قىلىندۇ». (يۇھاننا يازغان 1ـ خەت» 2ـباب 12 ئايەت)

بۇ ناھايىتى ئاجايىپتۇر، لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇنكى سىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭىز شەيتان بار. سىز ئاللىقاچان ئۇنى ئىنتايىن رەنجىتىدىغان ھەرىكەتنى تاللىدىڭىز. سىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئەيسا مەسىھكە تەۋە ئادەملەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلدىڭىز. مەسىھ ئۈچۈن ياشاشنى ئويلايدىغان ھەربىر ئادەم، ناھايىتى تېزلا شەيتاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ.

شەيتان سىزنى خۇدانىڭ ئائىلىسىدىن قايتۇرىۋالالمايدۇ. لېكىن ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە سىزنى مەغلۇپ قىلماقچى بولىدۇ ھەم ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. لېكىن خۇدا سىزنىڭ قەلبىڭىزدە گۈزەل خىزمەتنى باشلىغاچقا، سىز ئىشەنچ بىلەن بۇ ياخشى خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالايسىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«قەتئىي ئىشىنىمەنكى، سىلەرنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇپ، ھاياتىڭلارنى ئۆزگەرتىشتەك ئىشلارنى باشلىغان خۇدا چوقۇم ئەيسا مەسىھ قايتا كېلىدىغان كۈنگىچە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ تاماملايدۇ». («فىلىپىلىكلەر» 1-باب 6-ئايەت)

بىز شەيتاننىڭ بىزگە قانداق ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ ناھايىتى مۇھىم. نۇرغۇن چاغلاردا ئۇ خاتا ئوي-پىكىرلەرنى كاللىمىزغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇ بىزنى قۇتقۇزۇلغانلىقىمىزدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. ئۇ بىزنى سىناقلاردىن غالىب كېلىشكە ئامالسىزدەك قاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ دائىم بىزنى خۇدانىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ.

بىز قانداق قىلغاندا شەيتاننىڭ بۇ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرالايمىز؟ بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنى يېڭەلەيمىز. بىز خۇدانى ھەقىقەت دەپ تونۇغان چېغىمىزدا شەيتاننىڭ سىناقلىرىدىن غەلىبە قىلالايمىز. رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ھەقىقەتنى بىلىسىلەر ۋە ھەقىقەت سىلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ». («يۇھاننا» 8- باب 32-ئايەت)



(خۇدانىڭ سۆزلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق شەيتانغا قارشى تۇرالايمىز)

بۇ دەرستە بىز خۇدانىڭ بىزگە بىلدۈرمەكچى بولغان تۆت ئىشنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شەيتانغا جاۋاب بېرىمىز. بۇلار سىزگە ياردەم بېرىدۇ. سىز بۇ ئايەتلەرنى قەتئىي ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇپ شەيتاننىڭ ھۇجۇمىغا جاۋاب بېرىڭ.

# 1. خۇدا سىزنىڭ ئاللىقاچان قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىڭىزنى بىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

«بۇ گۇۋالىق شۇكى، خۇدا بىزگە مەڭگۈلۈك ھاياتنى تەقدىم قىلدى. بۇ ھاياتلىق ئۇنىڭ ئوغلىدىدۇر. شۇڭا خۇدانىڭ ئوغلىنى قوبۇل قىلغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىراق خۇدانىڭ ئوغلىنى قوبۇل قىلمىغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە بولمىغان بولىدۇ» («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 5-باب 11-، 12- ئايەت)

سىز قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەندە شەيتاننىڭ بىرىنچى ھۇجۇمى سىزنى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىڭىزدىن گۇمانلاندۇرۇشتۇر. بەلكىم ئۇ بۇ سوئاللارنى كاللىڭىزغا ئەكىلىشى مۇمكىن:

«سەن راستىنلا پەقەت ئەيساغا ئىشىنىپ، ئۇنى قوبۇل قىلساملا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىمەن دەپ ئىشىنەمسەن؟ بۇ ھەقىقەتەنمۇ بەك ئاددىي بولۇپ قالدى! بۇنىڭدىن باشقا، سەن ئۆز پېتى تۇرامامسەن؟ ئىنسان قانداقمۇ ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلىسۇن؟»

شەيتان بۇ ئوي-پىكىرلەرنى كاللىڭىزغا ئەكەلگەندە، سىز قانداق جاۋاب بېرىسىز؟ سىز: «مەن ئۆزۈمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىمنى بىلىمەن، چۈنكى مەن خۇشالمەن» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز بولمايدۇ. سىزدە بەلكىم خۇشاللىق ھېسسىياتى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن.

بىلىشىمىز كېرەككى بىزنىڭ ئاللىقاچان قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشتىكى ئاساسىمىز خۇدانىڭ سۆزلىرى. ھەرگىزمۇ تۇيغۇمىز ئەمەس. بىزنىڭ كەيپىياتىمىز بىر كۈن ئىچىدە نۇرغۇن قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن خۇدانىڭ سۆزلىرى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ سۆزلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«خۇدانىڭ ئوغلىنى قوبۇل قىلغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ».

بىزنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن ياكى ئېرىشمىگەنلىكىمىزنى بىلىشنى ساقلىشىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىلەلەيمىز. بۇ «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئېنىق تەلىم. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«مەن بۇلارنى خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغان سىلەرگە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى بىلسۇن دەپ يازدىم». («يۇھاننا يازغان 1ـ خەت» 5ـ باب 13ـ ئايەت)

رەببىمىز ئەيسا بىزنى قۇتقۇزۇپلا قالماي، ئۇ يەنە بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى «چوڭ پادىچى» ئېتىقادچىلارنى «قويلىرىم» دەپ ئاتايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ قويلىرىم گېپىمنى ئاڭلايدۇ. مەن ئۇلارنى تونۇيمەن. ئۇلار ماڭا ئەگىشىدۇ. ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتنى تەقدىم قىلىمەن. ئۇلار ئەسلا ھالاك بولمايدۇ. ئۇلارنى ھېچكىم قولۇمدىن تارتىۋالالمايدۇ». («يۇھاننا» 10ـ باب 27ـ، 28ـ ئايەت)

رەببىمىز ئەيسانىڭ قويلىرىم دېگىنى ھەقىقىي يېڭىباشتىن تۇغۇلغان ئادەملەر. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلاردۇر. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارنى مەڭگۈ «ھالاك» بولمايدۇ دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى ئۇلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ دېگەنلىكتۇر.

بىزنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر ھالدا ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنى مەڭگۈ يوقىتىپ قويمايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچ قىلىشىمىز ئۈچۈن، ھەزرىتى ئەيسا بارلىق ئېتىقادچىلارنىڭ ئەرشتىكى ئاتىسىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھېچكىممۇ بىزنى خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قولىدىن تارتىپ ئالالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئېتىقادچىلىرى توغرىسىدا توختالغاندا، ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلارنى ماڭا تەقدىم قىلغان ئاتام ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. ئۇلارنى ئاتامنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ» («يۇھاننا» 10ـ باب 29ـ ئايەت)



(ھېچكىم خۇدانىڭ قولىدىن ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرىنى تارتىپ ئالالمايدۇ)

# 2. خۇدا سىزگە سىناقلاردىن غالىب كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ.

> «سىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن دۇچ كەلگەن سىناقلار باشقىمۇ ئادەملەرگە دۇچ كەلگەن ئادەتتىكى سىناقلاردۇر. لېكىن خۇدا ئۆز ئىشەنچلىكتۇر. ئۇ سىلەرنى قۇدرىتىڭلار يەتمەيدىغان سىناقلارغا ئۇچراتمايدۇ. خۇدا سىلەر سىناققا دۇچ كەلگەندە بەرداشلىق بېرىشىڭلار ئۈچۈن، ئازدۇرۇلۇشتىن ساقلىنىش يولىنىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ».
> «كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1-خەت» 10-باب 13-ئايەت)

شەيتان سىزگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ بەلكىم سىزنىڭ كاللىڭىزغا مۇنداق بىر ئوي-پىكىر كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

> « شۇنداق، سەن خۇدانىڭ پەرزەنتى لېكىن سەن مەغلۇپ بولغان ئېتىقادچى ھەم مەڭگۇ مۇشۇنداق بولىسەن. ھاياتىڭدىكى بەزى گۇناھلار سېنى مەڭگۇ غالىب قىلدۇرمايدۇ. سەن بۇرۇن مەغلۇپ بولغان، كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىق مەغلۇپ بولىسەن» دېيىشى مۇمكىن.

بۇ يەردە بىزنىڭ شەيتاننى مەغلۇپ قىلىدىغان قورالىمىز يەنىلا خۇدانىڭ سۆزلىرىدۇر. بىز يۇقىرىكى ئايەتتە قانداق دېيىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. بۇ ئۇزۇن ئايەت بولغاچقا، جۈملىمۇ-جۈملە بۆلۈپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

1. «سىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن دۇچ كەلگەن سىناقلار باشقىمۇ ئادەملەرگە دۇچ كەلگەن ئادەتتىكى سىناقلاردۇر».
بۇنىڭ مەنىسى باشقىلارمۇ سىز ئۇچرايدىغان سىناققا ئۇچرايدۇ. ئوخشاشلا سىزمۇ باشقىلار ئۇچرىغان سىناقلارغا ئۇچرايسىز دېگەنلىكتۇر.

2. «خۇدا ئىشەنچلىكتۇر».
بۇنىڭ مەنىسى خۇدا دېگىنىنى قىلىدۇ. سىز خۇدانىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە تايانسىڭىز بولىدۇ دېگەنلىك.

3. «ئۇ سىلەرنى قۇدرىتىڭلار يەتمەيدىغان سىناقلارغا ئۇچراتمايدۇ».
بۇنىڭ مەنىسى خۇدا سىزگە ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتىڭىزدىن ئېشىپ كېتىدىغان سىناقلارنى بەرمەيدۇ دېگەنلىك.

4. «بەرداشلىق بېرىشىڭلار ئۈچۈن ئازدۇرۇلۇشتىن ساقلىنىش يولىنىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ».
بۇنىڭ مەنىسى سىز سىناقتا ئۈچرىغاندا، خۇدا سىزگە بىر چىقىش يولى بېرىپ، سىزنى سىناقتا تېز يۈكتۈرمەيدۇ دېگەنلىك.

بۇ ئايەتنى قەتئىي ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ. بۇ ئايەت خېلى ئۇزۇن، سىز بەلكىم ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنى ئەستە تۇتالىشىڭىز مۇمكىن. سىز ئۇنى يادلىۋالغانغا قەدەر ئۆگىنىڭ. سىناقتا ئۈچرىغاندا ئۇنى ئىشلىتىڭ.

خۇدا بىزنىڭ ھاياتىمىزدا سىناقتا ئۈچرىماسلىقىمىزغا ئىجازەت بەرمىدى. سىز سىناقلارغا دۇچ كېلىسىز. بەزىدە سىناقلارغا ئۈچراپ، خاتالىق سادىر قىلاي دېگەن چېغىڭىزدا شەيتان سىزنى گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك ھېسسىياتقا ئېلىپ كېلىدۇ. سىناقلارغا ئۈچراش گۇناھ ئەمەس. رەببىمىز ئەيسا ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن قېتىم سىنالغان. لېكىن ئەزەلدىن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان. ئەگەر بىز سىناقتا ئەگەشسەك، ئۇ چاغدا بىز گۇناھ ئۆتكۈزىمىز.




«سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگەن ئادەم بەختلىكتۇر»
(«ياقۇپ يازغان خەت» 1-باب 12-ئايەت)

سىز مۇشۇ دۇنيادا ياشايدىكەنسىز سىز چوقۇم سىناقتا دۇچ كېلىسىز. لېكىن خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن سىناقلاردىن غەلبە قىلالايسىز. بىز شەيتانغا ۋە ئۇنىڭ سىناقلىرىغا سەل قارىمايلى، لېكىن بىز قورقۇپ كەتمەيلى. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«چۈنكى خۇدا بىزگە قورقۇنچاقلىق روھى ئەمەس، بەلكى كۈچ-قۇدرەت، مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش روھىنى تەقدىم قىلدى». («تىموتىيغا يېزىلغان 2-خەت» 1-باب 7-ئايەت)

خۇدا سىزگە سىناقتىن غەلىبە قىلىدىغان كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلىپ، سىزنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن خالى قىلىدۇ.

## 3. خۇدا سىزگە گۇناھ ئۆتكۈزگەندە، سىزنى كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«لېكىن گۇناھلىرىمىزنى تونۇساق، ئىشەنچلىك ۋە ئادىل خۇدا گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىزنى بارلىق يامانلىقلاردىن پاك قىلىدۇ» («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 1-باب 9- ئايەت)

ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. يەنە بىر جەھەتتىن بىز گۇناھكار تەبىئەتكە ئىگە بولغاچقا، دائىم مەغلۇپ بولىمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«گۇناھىمىز يوق دېسەك، ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالدىغان بولىمىز ۋە ھەقىقەت قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالمىغان بولىدۇ» («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 1-باب 8-ئايەت)

بىز گۇناھ ئۆتكۈزگەندە قانداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟ شەيتان دەرھال كېلىپ گۇناھلىرىمىزنى بىكىتىدۇ-دە: «سەن ئاللىقاچان گۇناھ ئۆتكۈزدۈڭ! سەن ئېتىقادچى ئەمەسمىدىڭ؟ لېكىن قارا، قىلغان ئىشىڭغا! ئېتىقادچى بۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. خۇدا ئەمدى سەندىن رازى ئەمەس، سېنى كەچۈرمەيدۇ» دەيدۇ.

بىز گۇناھلىرىمىزنى ئەسلىگەندە، قىلغانلىرىمىزغا توۋا قىلىشىمىز كېرەك. ھەم خۇدانى رەنجىتكەنلىكىمىزنى ئىقرار قىلىشىمىز كېرەك. خۇدا سۆزلىرىدە نېمە دېگەن؟ «گۇناھلىرىمىزنى تونۇساق، ئىشەنچلىك ۋە ئادىل خۇدا گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىزنى بارلىق يامانلىقلاردىن پاك قىلىدۇ»

مەيلى بىز قانچە قېتىم مەغلۇپ بولمايلى، بىز خۇداغا گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلساق، خۇدا گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرلىشىگە ئىجازەت بېرىدۇ. خۇدا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزدىن خۇشال بولمايدۇ. لېكىن ئۇ بىزنى سۆيىدۇ. ئۇنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«مەن سىلەرنى مەڭگۈ سۆيىمەن». (كونا ئەھدە:«يەرەميا» 31-باب 3-ئايەت)



(خۇدا بىزنى مەسىھ ئىچىدە كۆرىدۇ )

خۇدا بارلىق ئىنسانلارنى سۆيىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن ئالاھىدە مۇھەببىتى بار. بىز ئاجىز ھەم گۇناھكاردۇرمىز. بەلكىم، سىزنىڭ خۇدانىڭ بىزنى شۇنچىۋالا سۆيىشىنى چۈشىنىشىڭىز تەس بولۇشى مۇمكىن. خۇدانىڭ بىزنى بۇنداق سۆيىشىنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ مەسىھكە تەۋە بولغانلىقىمىزدا. خۇدا بىزنى «مەسىھنىڭ ئىچىدە» كۆرىدۇ. خۇدا بىزنى ئۆز ئوغلىنى سۆيگەندەك سۆيىدۇ. بەلكىم بىزنىڭ بۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز تەس بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ھەقىقەتتۇر. رەببىمىز ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «چۈنكى، ئاتام ئۆزى سىلەرنى سۆيىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، مېنى سۆيىدىغانلىقىڭلار ۋە ئاتامنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلغانلىقىڭلاردۇر». («يۇھاننا» 16-باب 27-ئايەت)

# 4. خۇدا سىزگە دۇئالىرىڭىزنى ئاڭلايدىغانلىقىنى ۋە دۇئالىرىڭىزغا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

> «ھازىرغىچە مېنىڭ نامىم بىلەن ھېچنېمە تىلىمىدىڭلار. داۋاملىق تىلەڭلار ئېرىشىسىلەر. بۇنىڭ بىلەن خۇشاللىقىڭلار تولۇپ تاشسۇن!» («يۇھاننا» 16-باب 24-ئايەت)

ئېتىقادچى بولۇش قىيىنچىلىقلارنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. رەببىمىز ئەيسا سۆزلىرىدە بىزنىڭ بۇ دۇنيادا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

سىز ناھايىتى چوڭ بىر قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا شەيتان قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ سىزنى خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچلىكلىكىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. شەيتان بەلكىم بۇنداق ئوي-پىكىرلەرنى سىزنىڭ كاللىڭىزغا سېلىشى مۇمكىن: يەنى «خۇدا ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالمىدىمۇ؟ ئەگەر ئۇ مەۋجۇت بولغان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ بېشىڭىزغا كېلىشىگە يول قويمايتتى». بەلكىم ئۇ يەنە : «خۇدا سەندىن يىراق، ھەم ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك تېخىمۇ مۇھىم ئىشى بار! ئۇنىڭ سېنىڭ سوئاللىرىڭغا ۋە قىيىنچىلىقلىرىڭغا قارىغۇدەك ۋاقتى يوق» دېيىشى مۇمكىن.

لېكىن «مۇقەددەس كىتاب»تا نېمە دېيىلگەن؟ «مۇقەددەس كىتاب»تا يەنە مۇنداقمۇ دېيىلىدۇ:

> «چۈنكى، رەببىمىزنىڭ كۆزلىرى ھەققانىي كىشىلەردىدۇر، قۇلاقلىرى ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىدۇر. لېكىن، رەببىمىز يامانلىق قىلغۇچىلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ». («پېترۇس يازغان 1-خەت» 3-باب 12-ئايەت)

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجلىرىمىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز رەببىمىز ئەيسانىڭ نامى بىلەن ئەرشتىكى ئاتىمىزدىن تىلىشىمىز كېرەك. ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ ئاتىمىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ. خۇدا ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى سۆيىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب 12- ئايەت) بىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىمىزنى تىلىشىمىز كېرەك. رەببىمىز ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «ھازىرغىچە مېنىڭ نامىم بىلەن ھېچنېمە تىلىمىدىڭلار. داۋاملىق تىلەڭلار ئېرىشىسىلەر. بۇنىڭ بىلەن خۇشاللىقىڭلار تولۇپ تاشسۇن!» («يۇھاننا» 16-باب 24-ئايەت)




(خۇدا دۇئانى ئاڭلايدۇ ھەم دۇئانى ئىجابەت قىلىدۇ)

خۇدا بىزنى سۆيىدۇ، ھەم بارلىق قىيىنچىلىق ۋە غەم ئەندىشىلىرىمىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. «مۇقەدەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«پۈتۈن غەم-قايغۇلىرىڭلارنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار. چۈنكى، ئۇ سىلەرگە غەمخورلۇق قىلىدۇ». («پېترۇس يازغان 1-خەت» 5-باب 7-ئايەت)

بىز ھاياتىمىزدىكى بەزى گۇناھلاردىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغان چېغىمىزدا، خۇدا بىزنىڭ دۇئالىرىمىزغا جاۋاب بەرمەيدۇ. ئەگەر بىز خۇدانى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلساق ، خۇدا تىلىگەنلىرىمىزنى بىزگە ئاتا قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۇنىڭدىن نېمە تىلىسەك، شۇنىڭغا ئېرىشىمىز، چۈنكى خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىمىز» («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 3-باب 22-ئايەت)

خۇدا پەقەت بىزنىڭ ئېھتىياجلىرىمىزنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا تايانغان ۋە ئۇنىڭدىن تىلىگەن چېغىمىزدا، ئۇ بىزنى يېتەكلەيدۇ. تۇرمۇشتا بىز نۇرغۇن مۇھىم بولغان تاللاشلارغا دۇچ كېلىمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىز قارار چىقارساق، نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. بىز ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىگە تايانماسلىقىمىز كېرەك. بىز خۇدادىن قانداق قىلىشىمىزنى سورىساق، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرساق ۋە ئۇنىڭغا تايانساق، ئۇ بىزنى يېتەكلەيدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«سەن پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن خۇداغا تايان، ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىگە تايانما، بارلىق قىلىدىغان ئىشلىرىڭدا ئۇنى تونۇغىن، ئۇ چوقۇم يولۇڭنى باشلايدۇ» (كونا ئەھدە:«پەندى-نەسىھەتلەر» 3-باب 5-، 6- ئايەت)

## بۇ تۆت ئىشنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ:

1. خۇدا سىزنىڭ ئالىلىقاچان قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىڭىزنى بىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 5-باب 11-، 12- ئايەت)

2. خۇدا سىزگە سىناقلاردىن غالىب كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. («كورىنتلىكلەرگە يېزىلغان 1-خەت» 10-باب 13-ئايەت)

3. خۇدا سىزگە گۇناھ ئۆتكۈزگەندە سىزنى كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 1-باب 9-ئايەت)

4. خۇدا سىزگە دۇئالىرىڭىزنى ئاڭلايدىغانلىقىنى ۋە دۇئالىرىڭىزغا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. («يۇھاننا» 16-باب 24-ئايەت)

بىز رەببىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن تاماملىغان بارلىق ئاجايىپ ئىشلىرىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئۇنى تېخىمۇ سۆيىمىز. بۇمۇ خۇدانىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىدۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

> «بىز مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىمىز، چۈنكى خۇدا ئالدى بىلەن بىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتتى». («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 4-باب 19-ئايەت)

رەببىمىز ئەيسانى سۆيۈشىنىڭ مەنىسى ئۇنى قەلبىڭىزدە باش ئورۇنغا قويۇشتۇر. سىز ئۇنى پۈتۈن قەلبىڭىز بىلەن سۆيگەندە ھەم ئۇنى خۇشال قىلىدىغان ئىشنى قىلغاندا، ئۇنى خۇشال قىلالايسىز.

## بايقالغان ھەقىقەت

### خۇدا بىزگە ئاللىقاچان قۇتقۇزۇلغانلىقىمىزنى ھەم ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت بىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىزاھات:

بۇ دەرسنىڭ تۆۋەندىكى بۆلىكىدە خۇدانى قانداق خۇش قىلىش كېرەكلىكى سۆزلىنىدۇ. ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىڭ.

# قانداق قىلغاندا خۇدانى خۇشال قىلغىلى بولىدۇ؟

ھەربىر ئېتىقادچى سەممىيلىك بىلەن خۇدانى خۇشال قىلىشى كېرەك. بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىششتىكى ئۇسۇلىمىزنىڭ بىرسى خۇدانى سۆيۈشىمىز بىلەن ئۇنى خۇشال قىلىشىمىزدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىمىز. ئەلچى پاۋلۇسنىڭ ھاياتىدىكى ئارزۇلىرى رەب ئەيسانى خۇشال قىلىش ئىدى. پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ:

«شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى بۇ زېمىنغا مەنسۇپ تەندە ياشايلى،
ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئەرشكە مەنسۇپ تەننى كىيەيلى،
نىيىتىمىز رەبنى خۇرسەن قىلىشتۇر» («كورىنتلىكلەرگە
يېزىلغان 2-خەت» 5-باب 9-ئايەت)

بىز تۆۋەندىكى بىر قانچە ئۇسۇللار ئارقىلىق خۇدانى خۇشال قىلالايمىز.

## ● بىز خۇدانى سۆيگەندە ئۇنى خۇشال قىلالايمىز

ھەزرىتى ئەيسا ئېيتقان بىرىنچى ئەڭ چوڭ بۇيرۇق بولسا، پۈتۈن قەلب، پۈتۈن نىيەت بىلەن خۇدانى سۆيۈشتۇر. ئەگەر بىز گۇناھلىرىمىزنىڭ قانداق كەچۈرۈلگەنلىكىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتساق، بىز پەقەت ئۇنىلا سۆيەلەيمىز.

خۇدا ئۆزىنى پۈتۈن قەلب بىلەن سۆيگۈچىلەرگە تۆۋەندىكى 7 خىل ئىلتىپاتنى ئاتا قىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتىن ئۇلارنى تېپىپ چىقىڭ. ھەربىر ئىجازەتنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويۇڭ. ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئايەتتىكى «ئۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئىجازەتنى ئۆزىڭىزنىڭكىگە ئايلاندۇرۇڭ. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«خۇدا شۇنداق دېدى: مېنى دوست تۇتقانلارنى قۇتقۇزىمەن، ماڭا ئىبادەت قىلغانلارنى مۇھاپىزەت قىلىمەن. ئۇلار ماڭا دۇئا قىلسا، ئىجابەت قىلىمەن. تەڭلىكتە قالسا، دەردىگە دەرمان بولىمەن. ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ، شان - شەرەپكە مۇيەسسەر قىلىمەن. ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتۈرىمەن». («زەبۇر» 91-باب 14-، 15-، 16- ئايەت)

## • بىز خۇداغا ئىبادەت قىلغاندا خۇدانى خۇشال قىلالايمىز.

خۇدا ئۆزىگە پۈتۈن قەلبى ۋە سەممىيىتى بىلەن ھەقىقىي ئىبادەت قىلغان ئادەملەردىن ناھايىتى رازى. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «... كىشىلەر قەلب روھى بىلەن ۋە خۇدانىڭ ھەقىقىتى بويىچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئەرشتىكى ئاتا ئۆزىگە خۇددى شۇنداق ھەقىقىي ئىبادەت قىلغۇچىلارنى ئىزدەمەكتە!» («يۇھاننا» 4-باب 23-ئايەت)

خۇداغا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەنىسى — ئۇنى سۆيۈش، ئۇنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىش، ئۇنى ياخشى كۆرۈش ھەم ئۇنى ئۇلۇغلاشتۇر. خۇداغا ئىبادەت قىلىش بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى پوزىتسىيىمىزدۇر. بىز دائىم باشقا قېرىنداشلار بىلەن يىغىلىپ بىرلىكتە خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا موھتاج. لېكىن بىز ھەركۈنى قەلبىمىزدىن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك.

## • بىز خۇداغا بويسۇنغاندا خۇدانى خۇشال قىلالايمىز

بويسۇنۇش بولسا خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان كەم بولسا بولمايدىغان شەرتتۇر. خۇدانىڭ ئۆزىگە بويسۇنمىغان ئادەملەردىن خۇشال بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەم ئۇمۇ مۇنداق ئادەملەرگە شاپائەت قىلمايدۇ. بىز بەلكىم خۇدانى سۆيىمەن دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا بويسۇنالمىساق، بىز ئۇنى ھەقىقىي سۆيگەن بولمايمىز. رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «مېنى سۆيىدىغان كىشى سۆزۈمگە ئەمەل قىلىدۇ، ئاتاممۇ ئۇنى سۆيىدۇ. ئاتام بىلەن ئىككىمىز مۇنداق كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماكان قۇرىمىز». («يۇھاننا» 14-باب 23-ئايەت)

## • بىز خۇداغا تايانغان ۋاقتىمىزدا خۇدانى خۇشال قىلالايمىز.

خۇدا ئۆزىگە تايانغان، مېھىر-مۇھەببىتىگە ۋە ياخشىلىقىغا ئىشەنگەن كىشىلەردىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر بىزدە ئىشەنچ بولمىسا، بىز ئۇنى خۇشال قىلالمايمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «ئېتىقاد بولماي خۇدانى خۇرسەن قىلىش مۇمكىن ئەمەس. خۇداغا يېقىنلىشىدىغان كىشى ئۇنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنى ئىزدىگەنلەرنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 11-باب 6-ئايەت)

## • بىز خۇدانى مەدھىيىلىگەن چاغدا خۇدانى خۇشال قىلالايمىز.

خۇدا ئۆز خەلقىنىڭ مەدھىيىلىرىدىن خۇشال بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن:

> «سەمىمىيلىك بىلەن قىلىنغان مەدھىيىلەرلا ماڭا شان شەرەپ كەلتۈرىدۇ» («زەبۇر» 50-باب 23-ئايەت)

خۇدانىڭ خەلقلىرى ئۇنى مەدھىيىلىگەندە، خۇدا ناھايىتى خۇسال بولىدۇ. داۋۇت پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ:

> «مۇناجات قىلىپ خۇدانى مەدھىيىلەيمەن؛ شۈكۈرلەر بىلەن ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى جاكارلايمەن. بۇ، رەبنى تېخىمۇ خۇرسەن قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆكۈز تەقدىم قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر؛ مۈڭگۈز، تۇياقلىرى ساق تۇپاق تەقدىم قىلغاندىنمۇ ئارتۇقتۇر». («زەبۇر» 69-باب 30-، 31-ئايەت)

## • بىز خۇداغا رەھمەت ئېيتقاندا خۇدانى خۇشال قىلالايمىز.

خۇدا ياخشى نەرسىلەرنى پەرزەنتلىرىگە ئاتا قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز ئۇنىڭغا رەھمىتىمىزنى بىلدۈرگەندە، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«ھەرقانداق ئەھۋالدا خۇداغا شۈكۈر قىلىڭلار. چۈنكى، بۇ خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولغان سىلەرگە قاراتقان ئىرادىسىدۇر». («سالونىكىلىقلارغا يېزىلغان 1ـ خەت» 5ـ باب 18ـ ئايەت)

## • ھەر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ دۇئا قىلغاندا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا خۇدا بىزدىن خۇشال بولىدۇ

خۇدانىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن ھەركۈنى ئالاقىلىشىشىمىزنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىز ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا، سۆزلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىنىمىزدا ئۇ خۇشال بولىدۇ. خۇدا سۆزلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، كۈن بويى مېنىڭ ئىشىكىم ئالدىدا ماڭا تەلپۈنۈپ، مېنى ساقلىغان ئادەملەر بەختكە ئېرىشىدۇ» («پەندى-نەسىھەتلەر» 8ـ باب 34ـ ئايەت)

---

ھەربىر ئېتىقادچى كۈندە خۇدا بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىش، ۋاقىت چىقىرىپ دۇئا قىلىشى ۋە خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇشى كېرەك.

---

## • بىزدە روھىي جەھەتتە ئۆسۈش بولغان ۋاقىتتا خۇدا بىزدىن خۇشال بولىدۇ.

ھەربىر ئېتىقادچى ئۆزىنىڭ ئېتىقادچىلىق ھاياتىنى باشلىغان چاغدا، ھەممىسى خۇدانىڭ ئائىلىسىدىكى «يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق» بولىدۇ. يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاق ئاتا-ئانىغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇ بوۋاق چوڭ بولمىسا، يېتىلمىسە، ئاتا-ئانىنىڭ خۇشاللىقى قايغۇغا ئايلىنىدۇ. بىر بوۋاق ئۈزلۈكسىز بوۋاق ھالىتىدە تۇرۇۋەرسە، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدە چوڭ بولۇپ، يېتىلىش بولمىسا، ئۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ھە!

ئوخشاشلا، خۇدانىڭ ئائىلىسى ئىچىدىكى بىر بوۋاق ئۆسۈپ يېتىلمىسە، چوڭ بولمىسا، خۇدامۇ ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. خۇدانى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بىز چوقۇم روھىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز كېرەك. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«پۈتۈن غەم-قايغۇلىرىڭلارنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار. چۈنكى، ئۇ سىلەرگە غەمخورلۇق قىلىدۇ». («پېترۇس يازغان 2-خەت» 3-باب 18- ئايەت)

خۇدا بىزنىڭ يېمەكلىكلىرىمىزنى تەمىنلەپ، بىزنى روھىي جەھەتتە ئۆستۈرىدۇ. بۇ يېمەكلىك دەل ئۇنىڭ سۆزلىرىدۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ سۈتىگە تەشنا بولغاندەك، سىلەرمۇ خۇدانىڭ سۆزىگە، تەشنا بولۇڭلار. بۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۆسۈپ يېتىلىپ، قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىسىلەر». («پېترۇس يازغان 1-خەت» 2-باب 2-ئايەت)

## • بىز سەمىمىلىك بىلەن يىغىلىشلارغا قاتناشقان ۋاقتىمىزدا خۇدانى خۇشال قىلالايمىز.

«مۇقەددەس كىتاب»تا بىزنىڭ باشقا ئېتىقادچىلار بىلەن دائىم بىرلىكتە يىغىلىپ، خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئۆگىنىشىمىزگە سەل قاراشقا بولمايدۇ دەپ يېزىلغان. بولۇپمۇ رەببىمىز ئەيسانىڭ قايتا كېلىشىگە ئاز قالغان مۇشۇ كۈنلەردە، بىز باشقا ئېتىقادچىلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا موھتاج. خۇدا سۆزلىرىدە، مۇنداق دەيدۇ:

«بەزىلەرنىڭ ئادەتلەنگىنىدەك، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى بىلەن جەم بولۇشتىن باش تارتمايلى. ئەكسىچە، قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ قايتا كېلىدىغان كۈنىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بىلگەن ئىكەنمىز، بىر-بىرىمىزنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرەيلى». («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب 25-ئايەت)

## • بىز خۇداغا تايىنىپ خۇشال بولغان چېغىمىزدا خۇدانى خۇشال قىلالايمىز.

بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇيغۇسى ۋە كەيپىياتىغا تايىنىپ ھەر ۋاقىت خۇشال بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بىز ھەر ۋاقىت خۇداغا تايىنىپ خۇشال بولالايمىز. ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن تاماملىغان بارلىق ئىشلىرىغا خۇشال بولىمىز. مۇنداق قىلساق، خۇدانى خۇشال قىلالايمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق

يېزىلغان:

«رەببىمىزگە مەنسۇپ بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ھەمىشە شاد-خۇرام بولۇڭلار. يەنە تەكرارلايمەنكى، خۇشال-خۇرام بولۇڭلار!» («فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 4-باب 4-ئايەت)

# پاك ھايات كەچۈرۈش

خۇدانى خۇشال قىلىشنى ناللىغان كىشىگە خۇدا شاپائەت قىلىدۇ. بىز توختىماي ئۇنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغان چېغىمىزدا، بىز ئۆزلىكىمىزدىنلا پاك بولغان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرەلەيمىز ھەم پاك ھايات كەچۈرەلەيمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پاك بولغان ئادەتلىرى بولغاچقا، ئاندىن ئۇلاردا پاك ھايات بولغان. خۇدا ئۇلارغا ئىشىنىدۇ. خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئۇنى ئۆز بالىلىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا مېنىڭ يولۇمنى تۇتۇشنى، توغرا ۋە ھەققانىي بولۇشنى بۇيرۇسۇن دەپ تاللىدىم. شۇنداق قىلسا، مەنمۇ بەرگەن ۋەدەمدىكىدەك ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى قىلىپ بېرىمەن». («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 18-باب 19-ئايەت)

سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ھاياتىڭىزدا پاك بولغان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشنى خالامسىز يوق؟ بۇنى سىزنىڭ ئىرادىڭىز بەلگىلەيدۇ. ئۇنى تاكى سىزنىڭ ئادىتىڭىزگە ئايلانغىچە داۋاملاشتۇرۇڭ!

خۇدا بىزنىڭ سەممىيەتلىك بىلەن دۇئا قىلىشىمىزنى، «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشىمىزنى، ئايەتلەرنى پىششىق بىلىۋېلىشىمىزنى، ئۆزگە خىزمەت قىلىشىمىزنى ۋە باشقىلار بىلەن مەسىھتىن تەڭ بەھرىمان بولۇشىمىزنى، باشقا ئېتىقادچىلار بىلەن يىغىلىپ ئىبادەت قىلىشىمىزنى خالايدۇ. بىزنىڭ تاللىشىمىز، ئىرادىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىز بىلەن بۇ پائالىيەتلەر بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى پاك بولغان ئادەتلەرگە ئايلىنىدۇ. بىز مەلۇم بىر ئىشنى توختىماي قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىش تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر بۆلىكى بولىدۇ. ئۇ چاغدا بىز بۇ ئىشنى سۆيىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىمىز. بۇ خۇدانى خۇشال قىلىدىغان تۇرمۇشنى يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

سىز ھازىردىن تارتىپ پاك بولغان ھايات كەچۈرۈشتىكى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشنى خالامسىز يوق؟

## پايدىلىنىدىغان ئايەتلەر:

«يۇھاننا يازغان 1-خەت»نى ئوقۇڭ.

بۇ دەرسلىكتىكى سۆزلەر «يۇھاننا يازغان 1-خەت»تە سۆزلەنگەن. بۇ خەتتە پەقەت 5 باب بار. ئوقۇغان چاغدا مۇھىم نۇختىلارغا، يەنى قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئاساسى، غەلىبىگە ئېرىشىش، كەچۈرۈلۈش، دۇئا قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىڭ.

# سوئاللار

توغرا جاۋابنى تاللاپ، بوش ئورۇن ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز شەيتان... ( )
(1) ئەگەر بىز سەگەك بولمىساق، بىزنى خۇدانىڭ قولىدىن تارتىۋالىدۇ.
(2) بىزنى ھېچقانداق قىلالمايدۇ.
(3) بىزنى خۇدانىڭ قولىدىن تارتىۋالالمايدۇ.

2. شەيتاننىڭ ھۇجۇمىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولسا، ...( )
(1) ئۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان قاتتىق ئېلىشىش.
(2) خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئىشلىتىش.
(3) ئۇلارنى ئويلىماسلىق.

3. «مۇقەددەس كىتاب»تىكى تەلىملەردە مۇنداق دېيىلىدۇ .... ( )
(1) بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلىشكە ئامالسىز.
(2) بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز.
(3) پەقەت بىز خاتالاشمىساقلا، بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز.

4. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ ئېتىقادچىلىرىنى «قوي» دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭ قويلىرى ...( )
(1) ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر.
(2) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار.
(3) چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىپ، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە قوشۇلغان ئادەملەر.

5. «مۇقەددەس كىتاب»تا ئېتىقادچىلار ... ( )
(1) باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا، كۆپ سىناقلارغا ئۇچرايدۇ، دېيىلگەن.
(2) باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش سىناقلارغا ئۇچرايدۇ، دېيىلگەن.
(3) باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا، ئازراق سىناقلارغا ئۇچرايدۇ، دېيىلگەن.

6. بىز سىناققا دۇچ كەلگەن چاغدا... ( )
(1) خۇدا بىزنىڭ بارلىق سىناقلارغا تاقابىل تۇرۇشىمىزنى ئۈمىد قىلمايدۇ.
(2) بىز بەزىدە چوقۇم گۇناھ قىلىشىمىز كېرەك.
(3) بىزنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى خۇدا بىزگە چىقىش يولى بەرگەن.

7. خۇدانىڭ بىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشىدىكى سەۋەب ... (  )
(1) بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان ياخشى ئادەم.
(2) بىز مەسىھكە تەۋە، خۇدا بىزنى «مەسىھ ئىچىدە» كۆرىدۇ.
(3) بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدۇق.

8. خۇدا تۆۋەندىكى قايسى ئادەمنىڭ تىلىكىنى ئاڭلايدۇ ھەم جاۋاب بېرىدۇ... (  )
(1) خۇداغا بويسۇنغۇچىلارنىڭ
(2) بارلىق پەرزەنتلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. مەيلى ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇنسۇن ياكى بويسۇنمىسۇن.
(3) ھەممە ئادەمنىڭ مەيلى ئۇلار ئۇنىڭ پەرزەنتى بولسۇن، بولمىسۇن.

9. بىز مۇھىم قارار چىقارغاندا...(  )
(1) ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل- پاراستىگە تايىنىشىمىز كېرەك.
(2) دوستلىرىمىزنىڭ نەسىھەتىگە تايانىشىمىز كېرەك.
(3) بىز ئىشلارنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز، ئۇنىڭ بىزنى يېتەكلىشىگە تايىنىشىمىز كېرەك.

10. تۆۋەندىكى قايسى ئەھۋال خۇدانى خۇشال قىلىدۇ؟ ... (  )
(1) ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بەزىدە دۇئا قىلىشى، «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشى، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشى ۋە يىغىلىشقا قاتنىششى.
(2) ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئېھتىياجلىق چاغدا ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشى.
(3) ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ سەممىي دۇئا قىلىشى، «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشى، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشى ۋە يىغىلىشقا قاتنىششى.

## بۇ دەرستە سىز ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت نېمە؟

# ئەيسا مەسىھ ئاتا قىلغان يېڭى ھايات

## سوئاللارنىڭ جاۋابى

### 1ـ دەرس

1. (3)
2. (2)
3. (3)
4. (1)
5. (3)
6. (1)
7. (2)
8. (1)
9. (2)
10. (3)

### 2ـ دەرس

1. (3)
2. (3)
3. (2)
4. (1)
5. (3)
6. (1)
7. (3)
8. (2)
9. (3)
10. (1)

### 3ـ دەرس

1. (2)
2. (3)
3. (3)
4. (1)
5. (3)
6. (2)
7. (2)
8. (1)
9. (2)
10. (1)

### 4ـ دەرس

1. (3)
2. (1)
3. (3)
4. (2)
5. (2)
6. (3)
7. (3)
8. (1)
9. (2)
10. (3)

### 5ـ دەرس

1. (3)
2. (2)
3. (1)
4. (1)
5. (3)
6. (3)
7. (2)
8. (2)
9. (3)
10. (2)

### 6ـ دەرس

1. (3)
2. (2)
3. (3)
4. (1)
5. (3)
6. (2)
7. (3)
8. (2)
9. (1)
10. (2)

### 7ـ دەرس

1. (3)
2. (3)
3. (1)
4. (1)
5. (2)
6. (1)
7. (3)
8. (3)
9. (3)
10. (1)

### 8ـ دەرس

1. (2)
2. (2)
3. (3)
4. (2)
5. (1)
6. (3)
7. (1)
8. (2)
9. (1)
10. (1)

### 9ـ دەرس

1. (2)
2. (2)
3. (1)
4. (3)
5. (2)
6. (3)
7. (1)
8. (3)
9. (1)
10. (3)

### 10ـ دەرس

1. (1)
2. (3)
3. (1)
4. (3)
5. (2)
6. (2)
7. (2)
8. (3)
9. (3)
10. (3)

### 11ـ دەرس

1. (2)
2. (3)
3. (2)
4. (2)
5. (3)
6. (1)
7. (1)
8. (1)
9. (3)
10. (2)

### 12ـ دەرس

1. (3)
2. (2)
3. (2)
4. (1)
5. (2)
6. (3)
7. (2)
8. (1)
9. (3)
10. (3)